بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

HAKSEVER

HAK

HAKSEVER

ھەقسۆيەر

شەيخ ئەھمەد فەرىد ئابباسىي

# مۇقەددەس نۇرلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇررازراق رەجەب

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

Ahmed Ferid | شەيخ ئەھمەد فەرىد ئاباباسىي

# مۇقەددەس نۇرلار

El-envaru'l-kudsiyye

Hazırlayan | نەشرگە تەييارلىغۇچى

Abdurazak recep | ئابدۇررازىزاق رەجەب

2022 ـ يىلى دېكابىر، بىرىنچى نەشرى

ISBN: 1-1063-00-625-978

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

# مۇندەرىجە

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........ 3
مۇئەللىپىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........ 9
مۇئەللىپىنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي خىزمەتلىرى ........ 9
مۇئەللىپىنىڭ ئەسەرلىرى ........ 14
كىرىش سۆز ........ 19

بىرىنچى باب

ئىمان ھەققىدە ........ 29

ئىككىنچى باب

ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدا ........ 45

ئۈچىنچى باب

ئىبادەت توغرىسىدا ........ 63

تۆتىنچى باب

دۇئا ۋە ئىستىغپار توغرىسىدا ........ 85

بەشىنچى باب

ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەقلىرى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ........ 99

ئالتىنچى باب

ئائىلىسى بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش توغرىسىدا ........ 117

يەتتىنچى باب

قوشنا ھەقلىرى توغرىسىدا ........ 131

سەككىزىنچى باب

مۇئمىنلەرنىڭ بىر ئىسلام جەمئىيىتى بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە ئىجتىمائىي قانۇنلىرى توغرىسىدا ........ 143

توققۇزىنچى باب

سودا ـ تىجارەت توغرىسىدا ........ 159

ئونىنچى باب

سالامەتلىكنى ئاسراش توغرىسىدا ........ 175

ئون بىرىنچى باب

ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش توغرىسىدا ........ 189

ئون ئىككىنچى باب

ئاسايىشلىق توغرىسىدا ........ 205

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

جىمى ھەمدۇسانا يېگانە ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەيمىز، گۇناھلىرىمىزغا كەچۈرۈم سورايمىز، ئۇ زاتنىڭ ياردىمىگە سىغىنىپ نەپسلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە يامان ئەمەللەردىن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ، ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ.

مەن ئاللاھتىن باشقا بەرھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.

ئى ئاللاھ! مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەپىقىلىرىگە، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن ئەگەشكەن مۇبارەك ئىزباسارلىرىغىمۇ رەھىم قىلغايسەن، ئۇلارنى ئامان ـ ئېسەن قىلغايسەن، مۇبارەك قىلغايسەن!

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كوممۇنىست رېجىمى دۇنيا سىياسىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، بولۇپمۇ تۈركىستان تېررىتورىيەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مەدەنىيەتلىرى، ئائىلە ئەنئەنىلىرى ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق سالغان. ھەقسۆيەر ئۆلىمالار ۋە مەرىپەتپەرۋەر بايلارنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىلەردە شېھىت قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپلا قالماي، چىدىغۇسىز زۇلۇملارنى سالغان. شۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇنلىغان ئالىملار

دىنىنى ۋە ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەزىز يۇرتلىرىنى تاشلاپ، باشقا يۇرتلارغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

جۈملىدىن شەيخ ئەھمەد فەرىدمۇ ئائىلىسى بىلەن تاتارىستاننىڭ ئىدىل ـ ئۇرالدىن ئىستانبۇلغا، ئۇ يەردىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر شەھىرىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن.

شەيخ ئەھمەد فەرىد پەقەت دىنىي ئالىم بولۇپلا قالماي، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، پەلسەپە، ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەردىمۇ يېتىشكەن كىشى بولۇپ، ئىدىل ـ ئۇرال، قەشقەر ۋە ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەردە بىر تەرەپتىن خۇسۇسىي مەكتەپلەر ئېچىپ تەلىم ـ تەربىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسلىكى ئۈچۈن تەفسىر، ھەدىس ۋە باشقا مۇھىم تېمىلاردا قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ تەييارلىغان كىشىدۇر.

شەيخ ئەھمەد فەرىد ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ھەسرىتى چېكىۋاتقان؛ ياقا يۇرتلاردا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىنى يۇتۇۋاتقان؛ خەلق ئاممىسىنىڭ نادانلىقى ۋە بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن يەكلىنىپ، چەتكە قېقىلىۋاتقان؛ خەلق ئۇنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىنى قوللاش تۈگۈل، قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراش دېگەندەك قىيىن پەيتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان؛ كوممۇنىستلارنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، تۈرلۈك ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ شاماللىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن دىماغقا ئۇرۇلۇۋاتقان بىر مەزگىلدە «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا» يول تۇتماي، قەددىنى پۈكمەي، قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، تەلىم ـ تەربىيە خىزمەتلىرىنى، ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ۋە يېزىقچىلىق خىزمەتلىرىنى قەتئىي ئاقسىتىپ قويمىغان ھىممەتلىك، ئىرادىلىك، سەۋرچان، قەيسەر، يىراقنى كۆرەر بىر ئالىمدۇر.

خەلقنىڭ نادان، بىلىمسىز قېلىشىغا ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ياۋۇزلارچە باستۇرۇشلىرى ئاستىدا ئىگراشلىرىغا چىداپ تۇرالماي،

يەڭگىنى تونۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تەلىم ـ تەربىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە تۈرلۈك كىتابلارنى يازغان؛ مەخپىي جاپادا يازغان كىتابلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندا نەشر قىلدۇرالماي، ھىندىستان قاتارلىق چەتئەللەردە نەشر قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا تارقاتقان مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان؛ خەلقنى رۇس ۋە خىتايدىن ئىبارەت كوممۇنىستلارغا قارشى جىھادقا ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز كۈچىگەن ئىش ـ ئىزلىرى ماختاشقا سازاۋەر، كاتتا بىر ئالىمنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن قانچىلىك كىشى بىلەر؟ مېنىڭچە، كۆپىنچە كىشىلەر بۇ ئۇستازنىڭ ئىسمىنى تونۇمايدۇ.

شۇڭا، مەن بۇ كىشىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئەنۋارۇل قۇدسىيە (مۇقەددەس نۇرلار)» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلاپ، ئەزىز خەلقىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم. بۇ ئەسەر ئەسلىدە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، خوتەنلىك شېھىت ئۇستاز ئابدۇلئەھەد خان مەخسۇم 1974 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى كوممۇنىستلاردىن قېچىپ، قاغىلىقلىق ئەلى ئەمىن (ئېلىخان) ھاجىمنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان مەزگىلدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈگەن ھەمدە بۇ كىتاب شاپىگراف ماشىنىسىدا بىرقانچە قېتىم بېسىپ تارقىتىلغان[1].

شەيخ ئەھمەد فەرىد قولىڭىزدىكى بۇ رىسالىنىڭ ئاخىرىدىكى «مۇئمىنلەرنىڭ بىر ئىسلام جەمئىيىتى بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈشلىرى ۋە ئىجتىمائىي قانۇنلىرى توغرىسىدا» دېگەن سەككىزىنچى باب ۋە «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش توغرىسىدا» دېگەن ئون بىرىنچى بابلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەندىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم يوليورۇقلارنى كۆرسەتكەن. بۇ قۇرلار بۈگۈننىڭ تۈنۈگۈنگە نەقەدەر ئوخشايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۈگۈنكى كۈندە جىھادنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا نەقەدەر زۆرۈر

[1] بۇ مەلۇماتلار ئابدۇلجېلىل تۇران ۋە ئەلى ئەمىن (ئېلىخان) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلاپ يېزىلدى.

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شەيخ ئەھمەد فەرىد بۇ رىسالىنى مۇنداق بىرقانچە مېتود بىلەن يېزىپ چىققان:

1. شەيخ بۇ رىسالىنى 12 بابقا بۆلۈپ، ھەر بابتا ھەدىسلەردىن 10 ھەدىسنى تاللاپ، جەمئىي 120 ھەدىس كەلتۈرگەن.

2. شەيخ بۇ رىسالىنى ئىمام ـ خاتىپلار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قوللانمىسى، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ھەدىس دەرسلىكى بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچە مەتىنلىرىنىمۇ قوشۇپ يازغان.

3. شەيخ دەسلەپتە ھەدىسلەرنىڭ ئەرەبچە مەتىنلىرىنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، «مەنىسى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، شۇ ماۋزۇنىڭ ئاستىدا ھەدىسلەرنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى بەرگەن. ئاندىن «شەرھى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، شۇ ماۋزۇنىڭ ئاستىدا ھەدىسلەرنى قىسقىچە شەرھلەپ، ئەينى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇشىنىڭ ئامىللىرى ھەققىدە توختالغان. ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتكەن.

مەن بۇ رىسالىنى نەشرگە تەييارلاشتا مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا مەركەزلەشتىم:

1. كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەر تەۋە بولغان سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە، ئايەتلەرنىڭ نومۇرلىرىنى بەردىم ھەم ئايەتلەرنى گۈللۈك تىرناق ئىچىگە ئالدىم.

2. كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ھەدىسلەرنىڭ راۋىلىرىنى ۋە مەنبەلىرىنى مۇناسىپ ۋە ئىخچام شەكىلدە بايان قىلدىم.

3. كىتابنىڭ مەزمۇن باغلىنىشچانلىقى راۋان ھەم چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاممىباب تىل ئۇسلۇبى بىلەن ئىپادىلەشكە دىققەت قىلدىم.

4. كىتابتىكى كەلىمىلەرنىڭ چېكىت، پەش قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئىملالىرىنى تۈزىتىپ، ئىمكانقەدەر توغرا يېزىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدۇم. چۈنكى، كەلىمىلەرنىڭ توغرا بولۇشى يېزىقچىلىقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ئىش كىتابنىڭ تېخىمۇ پۇختا ۋە رەتلىك بولۇشىغا ھەسسە قوشىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ھەمدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تىل خاتالىقىنى ئوڭشىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، خاتالىقتىن ساقلايدۇ.

5. كىتابنىڭ باب ۋە پاراگرافلىرىنى ئەسلىي نۇسخىسى بويىچە ئالدىم.

6. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇئەللىپنىڭ ھاياتىدىن ئازتولا خەۋەردار بولۇشى ئۈچۈن، كىتابنىڭ باش قىسمىدا ئۇنىڭ تەرجىمھالىنى قىسقىچە بايان قىلدىم.

ئاللاھ تائالا بۇ كىتابتىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىدىن ھەممىمىزنى مەنپەئەتدار قىلسۇن.

ئىسلام دىنىغا خىزمەت قىلىشىمغا ۋەسىلە بولغان، ھىدىنى پۇرىۋېلىش ئۈچۈن قەلبىم ھەر ۋاقىت ئىنتىزار بولۇۋاتقان ئاتا ـ ئانامنى، ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىمنى ئاللاھ تائالا ئامان ـ ئېسەن قىلغاي، ئۇلارنىڭ خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرگەي، ماڭا ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىمنىڭ مەرتىۋىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۈستۈن قىلغاي، بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىشىم ئۈچۈن كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن تەمىنلىگەن ئابدۇلجېلىل تۇران ھاجىمغا ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلغاي، ئامىن!

ھۆرمەت بىلەن:

ئابدۇرراززاق رەجەب

ھىجرىيە 1444 ـ يىلى رەبىئۇلئاخىر

مىلادىيە 2022 ـ يىلى، نويابىر

HAK

HAKSEVER

ھەقسۆيەر

# مۇئەللىپنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

## مۇئەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي خىزمەتلىرى

مۇئەللىپنىڭ تولۇق ئىسمى ئەھمەد فەرىد قارىي ئاباسىي ئوفاۋى سەمەنىي بولۇپ، مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى تاتارىستاننىڭ ئىدىل ـ ئۇرال شەھىرىنىڭ ئۇفا دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن.

شەيخ ئەھمەد فەرىد دەسلەپتە تاتارىستاننىڭ بەيرەكە ۋە مىنزەلە شەھەرلىرىدە مەسئۇد ھەزرەت ۋە شېرىف ئەھمەد قاتارلىق ئۆلىمالار بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، كېيىن 1922ــ 1924 ـ يىللىرى تاتارىستاننىڭ بوغۇلمە شەھىرىدە ئېچىلغان «ئىمام ۋە مۇدەررىسلەر مەدرىسەسى»دە ئۇستازى شەيخ زىيائۇددىن كامالىي (1360/1942) بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

شەيخ ئەھمەد فەرىد بوغۇلمە شەھىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا، تاتارىستاندىكى چوڭ ئۆلىمالاردىن مەسئۇد ھەزرەت، فەخرۇددىن ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر بۆلەك ئۆلىمالارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە ۋە تەفسىر قىلىشقا كىرىشىپ، تەفسىرنى تاماملىغان. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە پۈتۈپ بولغان بۇ قىممەتلىك تەفسىر 1917 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا پارتلىغان بولشېۋىك ئىنقىلابى دەۋرىدە نابۇت بولغان.

شەيخ ئەھمەد فەرىد بوغۇلمە شەھىرىدە بىر مۇددەت ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇستازى زىيائۇددىن كامالىي ۋە ئاتاقلىق ئالىم ئالىمجان بارۇدىي (1921/1339) نىڭ تەلىپىگە

بىنائەن، هازىرقى زامان پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىمتىق شەھىرىدە يېڭىدىن ئېچىلغان مەدرىسەگە يۆتكىلىپ بارغان.

بولشېۋىك ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ستالىن ۋە لېنىن قاتارلىق قانخور جاللاتلار تاتارىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا چىدىغۇسىز زۇلۇملارنى سېلىپ، نۇرغۇن ئۆلىمالارنى تۈرمىلەردە شېھىت قىلغان.

شەيخ ئەھمەد فەرىدنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ زاتنىڭ سىبىرىيە لاگېرلىرىدىن قاچقانلىقى مەلۇم. 1930 ـ يىللىرى غەربىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىيەتچىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئالاھىدە قوراللىقلار سىبىرىيە لاگېرلىرىدىكى بەزى بىلىملىك كىشىلەرنى ۋە مىللىيەتچى ئىنقىلابچىلارنى قۇتۇلدۇراتتىكەن. شەيخ ئەھمەد فەرىد ئاباسىيمۇ شۇ قاتاردا قۇتۇلدۇرۇلغان ئالىملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئائىلىسى بىلەن ئىستانبۇلغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن.

1930 ـ يىلى شەيخ ئەھمەد فەرىد تىجارەت مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيەگە كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق سودىگەر ئابدۇللاھ ئاخۇن باي دېگەن كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئەھمەد فەرىدنىڭ تالانتلىق مائارىپچى، ئىستېداتلىق ئالىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئابدۇللاھ ئاخۇن باي قايتىشىدا ئۇنى تەكلىپ بىلەن قەشقەرگە ئائىلىسى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ هازىرقى ياۋاغ 6 ـ باشلانغۇچ مەكتىپى ئورنىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، ئەھمەد فەرىدنى شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا قويغان. شەيخ ئەھمەد فەرىد مەكتەپتە دىنىي دەرس، ھېساب (4 ئەمەل ۋە ئاددىي كەسىردىن ئونلۇق كەسىرگىچە)، جۇغراپىيە، ئىنشا قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن.

مۇئەللىپ ئۇيغۇر باللىرىنى دىنىي ھەم پەننىي مائارىپ بىلەن يېتىشتۈرۈش نەتىجىسىدە، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قەشقەر شەھىرىدىكى ئاۋانگارت مائارىپچىلاردىن بىرى بولۇپ قالغان.

مۇئەللىپ قەشقەردە بىر تەرەپتىن دەرس ئۆگىتىپ، مىللەتنى

ئاقارتىش، ئەۋلادلارنى يېڭىچە مائارىپتا تەربىيەلەش، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇشلۇقى ئۈچۈن دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈپ چىقىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاڭ - ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قەشقەردە مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «تەفسىرۇ سىراتىل مۇستەقىيم»نى يېزىپ قالدۇرغان.

ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، 1934 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىگە كېلىپ، «دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنى ئاچقان. بۇ مەكتەپكە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قەۋملىرىدىن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ ئوقۇغان ھەمدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ئاۋانگارت ئوقۇغۇچىلار دىنىي ۋە مىللىي مائارىپنىڭ گۈللىنىشى، تەلىم - تەربىيەنىڭ جانلىنىشى، يېڭى - يېڭى مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئاقسۇدا ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھاجى ياقۇبنىڭ[1] دېيىشىچە، ئۇستاز ئەھمەد

[1] ھاجى ياقۇب 1920 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۈركىيەنىڭ بۇرسا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىن ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلگەن. 1934 - يىلى ئاقسۇدا ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارار كۇرسىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك سۇتۇق بۇغراخان باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. ھاجى ياقۇب شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1948 - يىلى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئىيسا يۈسۈف ئالىپتېكىن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۈرۈمچىدە پارتىيە قۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان. 1949 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، 26 يىللىق ھاياتىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرمىسىدە ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 1976 - يىلى قويۇپ بېرىلگەن. تۈرمىدىن چىقىپ، 1979 - يىلى قۇتادغۇبىلىكنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ھاجى ياقۇب خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىزچىل تەكشۈرۈشلىرى ۋە سوراقلىرىغا دۇچ كېلىپ، كېيىن تۈركىيەگە كەلگەن. تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن بىرقانچە ماقالە ئېلان قىلغان. 2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئەنقەرەدە تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەن. «ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى».

فەرىد ئابباسىي بىزگە جۇغراپىيە ۋە ئىلمى ئەشيا (فىزىكا) دەرسلىرى ئۆتەتتى. ئۇ زامانلاردا دەرسلىك كىتابلىرى يوق ئىدى، ئۇستازلار سۆزلەيتتى، بىز يازاتتۇق. 1934 ـ يىللىرى ئەھمەد فەرىد ئاBباسىي 50 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەردە يېتىلگەن ئالىم ئىدى. قانداق سوئال سورالسا، قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلەيدىغان، ئاكادېمىك زات ئىدى. دەرس ئۆتكەندە دوسكا ئالدىدا ئۇيان ـ بۇياققا مېڭىپ تۇرىدىغان، بەزىدە ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ دوسكا سۈرتىدىغان، كۆپ ۋاقىتلاردا «ھەي بالىلار!» دەپ خىتاب قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى. دەرسلىرىدە بەزەن رۇسىيەدىكى ئالىملار ۋە بۈرادەرلىرى توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ، شىھابۇددىن مەرجانىي، مۇسا جارۇللاھ، رىزائۇددىن ئىبنى فەخرىددىن، ئىسمائىل غاسپىرالىي، زەكى ۋەلىدى توغان، زىيائۇددىن كامالىي، سەييىد ئەھمەد جەئفەر، يۈسۈف ئاقچورا، سەدرى مەقسۇدىي، ئاياز ئىسھاقىي، مۇھەممەد ئەمىن رەسۇلزادە، ھادى توقتاش، ئابدۇللاھ توقاي، فاتىھ كەرىم قاتارلىق ئالىم ۋە يازغۇچىلارنى داۋاملىق تىلغا ئالاتتى. ئۇ شۇ چاغدا بىزگە تەرجىمان گېزىتى[1] ۋە شۇرا مەجمۇئەلىرىنىڭ سانلىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى. بېشىغا سېرىق سەللە يۆگەيتتى، كەمزۇل ئۈستىگە تون كىيەتتى، ئىسكىلاچ مەسە[2] كىيەتتى، نامازنى تاشلىماي ئوقۇيدىغان، دىندار، تەقۋادار زات ئىدى.

1934 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ۋالىي نىياز بەگ شەرىفىنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھيار ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە ئاقسۇنىڭ بىر قىسىم مۆتىۋەرلىرى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئۇستازلار بىزنى سىنىپ ئالدىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىزدى. مېھمانلار كەلگەندە، ئوڭ قولىمىزنى چېكىمىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈپ:

*ھەرقانداق قەۋمنىڭ تەرەققىيسى شانى ئىتتىپاق،*

---

[1] ئىسمائىل غاسپىرالىي باشچىلىقىدا ئېلان قىلىنغان گېزىتنىڭ نامى.

[2] ئىسكىلاچ مەسە: كەش بىلەن قوشۇپ تىكىلىدىغان، دەستىكى ئېگىزرەك بىر خىل مەسە. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى».

*ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئىستىقبالى شانى ئىتتىپاق،*
*ياشا ۋەتەن! ياشا ۋەتەن! ئەركىن تۈركىستانىم،*
*ياشا! مىڭ ياشا!*

دېگەن سالام مارشىنى ئوقۇپ قارشى ئالدۇق. دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە 42 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتۇق. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭى 40 ياش، كىچىكلىرى 15 ياش چامىسىدا بولۇپ، مەنمۇ سىنىپتىكى كىچىك ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئىدىم، ئەڭ ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇراتتىم.

بىر كۈنى ئۇستاز ئەھمەد فەرىد ئاباسىي مېنى چاقىرىپ، يەرشارىنىڭ شەكلىنى سورىغان ئىدى، مەن: «يۇمىلاق» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇستاز: «ئەمىسە، ئىسپاتلا» دېدى. مەن بۇ گەپنى كېمىلەرنىڭ دېڭىزدىكى سەير قىلىشى ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىدىم.

شۇ سورۇندا ھازىر بولغان شاھىيار ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈۋېدى، ئۇستاز ئەھمەد فەرىد ئاباسىي ﴿كُلٌّ فِي فَلَكٍ يَسْبَحُونَ﴾ ﴿**ئۇلارنىڭ ھەربىرى (ئۆزىگە خاس) پەلەكتە سەير قىلىدۇ**﴾[1] دېگەن ئايەت كەرىمنى ئوقۇپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىرازىغا جاۋاب بەرگەن ئىدى.

قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان ۋاقىتتا جۇمھۇرىيەت بىناسى بۇرۇنقى دوتەي (ۋالىي) يامۇلى بولغاچقا، دەرۋازىنىڭ قارشى تەرىپىدە بىر تام بار بولۇپ، بۇ تامغا جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتىمىز شەرقىي تۈركىستان خەرىتىسىنى سىزدۇرۇش قارارى قىلغان ئىكەن. شەيخ ئەھمەد فەرىد ئاباسىي ئېگىزلىكى 5—6 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە، كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدىغان تامغا شەرقىي تۈركىستان خەرىتىسىنى رەڭلىك سىزغان ئىكەن[2].

[1] «ئەنبىيائ»: 33 ـ ئايەت.

[2] ھاجى ياقۇبنىڭ دېيىشىچە، بۇ تەۋەررۇك خەرىتىنىڭ بىر نۇسخىسى مەسئۇد

مەزكـۇر خەرىتىنىـڭ ئەتراپىغا مۇنـۇ شـېئىرلار يېزىلغـان:

*ئەي تۈرك يۇرتى، نامىڭ مىڭ شەھەردىن ياخشىراق،*
*ئاش ـ تۈزۈڭ ھەم سۇلىرىڭ زەمزەمدىنمۇ تاتلىقراق،*
*تۇپرىقىڭ ۋە تاشلىرىڭ ياقۇت، زۇمرەت، بىرلىيانت،*
*ئوتلىرىڭ سۇمبۇل ۋە رەيھان، ھەممە يەردىن باغلىقراق،*
*ئۇلارنىڭ تۈرك تارىخى، ھەر تارىختىن شانلىقراق،*
*دىنىدۇر ئىسلام دىنى، ئاي ـ قۇياشتىن پارلاقراق[1].*

1937 ـ يىلـى مۇئەللىـپ شـەرقىي تۈركىسـتاننىڭ ئاقسـۇ شـەھىرىدىكى «دارىلمۇئەللىمىـن» مەكتىپىـدە ئوقۇتقۇچىلىـق قىلىۋاتقـان مەزگىلـدە، زالىـم خىتـاي تەرىپىدىـن قولغـا ئېلىنىـپ تۈرمىگـە تاشـلانغان. مۇئەللىـپ ھاياتىنىـڭ ئاخىرىغىچـە تۈرمىـدە يېتىـپ، 1939/1358 ـ يىلـى قىممەتلىـك ئىلمىـي خىزمەتلـەر بىلـەن تولغـان ھاياتىنـى ئاخىرلاشـتۇرۇپ، تەخمىنـەن 52 يېشـىدا تۈرمىـدە ۋاپـات بولغـان.

### مۇئەللىپنىڭ ئەسەرلىرى

1. «تفسير الصراط المستقيم (تەفسىرۇ سىراتىل مۇستەقىيم)». مۇئەللىپنىـڭ بىلدۈرۈشـىچە، بـۇ ئەسـەر ئالتـە تـوم ھالەتتـە پۈتـۈپ چىقىشـى پىلانلانغـان بولـۇپ، ھازىـر قولىمىـزدا پەقـەت «فاتىھـە» سۈرىسـىدىن تارتىـپ «مائىـدە» سۈرىسـىنى ئۆز ئىچىگە ئالغـان ئىككى تومـلا مەۋجـۇت. كەمىنـە ماگىسـتىرلىق رىسالىسـىدە بـۇ ئەسـەرنىڭ تەفسـىردىكى ئومـۇم مېتودىنـى تەھلىـل ۋە تەتقىـق قىلغـان ئىدىـم.

سـەبرى بايقۇزىنىـڭ قولغـا چۈشـكەن بولـۇپ، خەرىتـە ئەپەندىمىنىـڭ قىـزى گۈلتېكىـن خانىمنىـڭ ئۆيىـدە تامغـا ئېسـىغلىقتۇر.

[1] بـۇ مەلۇماتـلار ھاجى ياقۇبنىـڭ 2001 ـ يىلـى 6 ـ ئاينىـڭ 15 ـ كۈنـى تۈركىيەنىـڭ پايتەختـى ئەنقـەرەدە يېزىـپ قالدۇرغـان قولىيازمـا نۇسخىسـىدىن ئېلىنـدى.

بايقىشىمچە، بۇ ئەسەردە ئىسلام پەلسەپىسى ۋە تۈرك تارىخى قاتارلىق ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن پەلسەپە ۋە تارىخ ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار بار.

ئابدۇلجېلىل تۇران ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە، «تەفسىرۇ سىراتىل مۇستەقىيم» ناملىق تەفسىر ھەققىدە مەككە مۇكەررەمەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇشلۇق خوتەنلىك داڭلىق ئۆلىما مۇھەممەد نىياز مەۋلىۋى 1983 ـ يىلى مەككەدىكى خوتەن راباتتا ئولتۇرۇپ مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى دەپ بەرگەن ئىكەن: شەيخ ئەھمەد فەرىد «تەفسىرۇ سىراتىل مۇستەقىيم» ناملىق تەفسىرنى تولۇق يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى (سۈرە فاتىھەدىن تارتىپ سۈرە مائىدىنىڭ ئاخىرىغىچە) تومى ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ئۆلكىسىدىكى ئامرىتسار شەھىرىدە، ئافتاب بەرقىي مەتبەسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. باشقا توملىرىمۇ بېسىلىپ بولۇپ، تارقىتىلىش ئالدىدا، خوتەن كېرىيەدىن نىزامىدىن داموللام دېگەن بىر ئۆلىما كىشى كەشمىرگە كېلىپ قالغان ۋە مەزكۇر تەفسىرنى كۆرۈپلا، تەفسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى قاراشلارغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، بېسىلىپ بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ تەفسىرنى كەشمىر دەرياسىغا تاشلاتقۇزۇۋەتكەنىكەن. دېمەك، بۇ ۋەقەلىكتىن ئاپتورنىڭ تەفسىرنى تولۇق يېزىپ تاماملىغانلىقى مەلۇم.

2. «الأنوار القدسية (ئەلئەنۋارۇل قۇدسىيە)». بۇ، قولىمىزدىكى نەشرگە تەييارلانغان مۇشۇ ئەسەردۇر.

3. «أركان الإسلام (ئەركانۇل ئىسلام)». بۇ ئەسەر 12 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە ئىماننىڭ دەلىللىرىنى، فىقھىي ھۆكۈملەرنى ۋە ئىلمىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

4. «الطبيعة والرياضية والجغرافية (ئەتتەبىيئە ۋە رىيازىيە ۋە جۇغرافىيە)». بۇ ئەسەر 100 بەتلىك بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان.

5. «جغرافية تركستان الشرقية والغربية (جۇغرافىيەتۇ تۈركىستان شەرقىييە ۋە غەربىييە)». بۇ قىممەتلىك ئەسەر نەشر

قىلىنىشتىن بۇرۇن نابۇت بولغان.

6. «علم الأشياء (ئىلمۇل ئەشيائ)». بۇ ئەسەر 98 بەتلىك بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى «دارىلمۇئەللىمىن» مەكتەپتە دەرسلىك ئۈچۈن تەييارلىغان.

7. «اللغة العربية (ئەللۇغەتۇل ئەرەبىيە). مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى دىنىي مەدرىسەلەردىكى باشلانغۇچ سىنىپلارنىڭ دەرسلىكى ئۈچۈن تەييارلىغان[1].

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] ئابدۇرراززاق رەجەب: «تفسير الصراط المستقيم لأحمد فريد العباسي...»، ماگىستىرلىق رىسالىسى، 52-55، 62، 72-73 - بەتلەر.

1. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نَضَّرَ اللّٰهُ عَبْدًا سَمِعَ مَقَالَتِي فَحَفِظَهَا وَوَعَاهَا وَأَدَّاهَا فَرُبَّ حَامِلِ فِقْهٍ غَيْرِ فَقِيهٍ، وَرُبَّ حَامِلِ فِقْهٍ إِلَى مَنْ هُوَ أَفْقَهُ مِنْهُ»[1].

---

[1] بەيھەقىي: «مەئرىفەتۇسسۇنەن ۋەلئاسار»، 44 ـ ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزىي «ھەسەن سەھىھ» دېگەن؛ ئالبانىي «سەھىھۇل جامىئ» ناملىق كىتابىدا سەھىھ دېگەن.

HAK

HAKSEVER

## كىرىش سۆز

ھەر دەۋردە ھەر يەردىكى مەزھەپ مەنسۇپلىرى ئۆز مەزھەپلىرىنى تەشۋىق ۋە تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇلار شۇنداق تەشۋىق ۋە تەرغىباتلىرى ئارقىلىق مەزھەپلىرىنى جانلاندۇرۇپ، ئەتراپقا تارقىتىدۇ ھەتتا باتىل (ناتوغرا) مەزھەپلىرىنىمۇ پەردازلاپ، قوبۇل قىلدۇرىدۇ.

ئەمما، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ۋە مەزھىپىمىزنى پەردازلاپ، تەشۋىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىنلا نۇر، ئەسلىدىنلا گۈزەل بىر ھەقىقەتتۇر. مەسىلەن، بىراۋنىڭ كۆزىگە نۇر كۆرۈنسە، ھەرقانچە بىلىمسىز ئادەممۇ ئۇنىڭ نۇر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ.

دىنىمىزنىڭ ئاساسى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى بەندىلەرنى رۇس، داغدام يولغا باشلايدىغان نۇردۇر. ناۋادا ئىسلام بۇ دىنىنىڭ روھىنى چۈشىنىدىغان ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئېنىق يەتكۈزۈلسە، ئەقلى بار ئىنسان ئۇنىڭ نۇر ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى ھەممەيلەنگە ئېنىق يەتكۈزۈش پەرزدۇر. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۆزى ئېرىشكەن ئۇلۇغ نېمەتكە باشقىلارنىمۇ ئېرىشتۈرۈش ھەربىر ئىنساننىڭ ئىنسانلىق ۋەزىپىسىدۇر. مەلۇمكى، دۇنيادا ئىسلام دىنىدىنمۇ كاتتا نېمەت يوق. دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەت، تەرەققىيات ۋە گۈزەل ئەخلاقلار ئاسماندىن نازىل بولغان «دىن» ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. 20 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتمۇ ئەينى چاغدا

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پارلىغان ئىسلام نۇرىنىڭ غەرب دۇنياسىنى ۋە ئىسپانىيە قىتئەلىرىنى يورۇتقان شولىسىنىڭ تەسىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

جانابى ئاللاھ بىز مۇسۇلمانلارنى ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەڭ يۈكسەك سەۋىيەگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ۋە شۇ مەقسەتتە دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان ئۈممەتمىز. شۇڭا، گەۋدىمىزنىڭ پارچىسى بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆگەتكەن يۈكسەك ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن يېتىشتۈرۈپ، جەمئىيىتىمىزنى كۈچلەندۈرۈشىمىز پەرزدۇر. چۈنكى، ئۇلۇغ ئاللاھ بىز مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىمىزگە مەسئۇل قىلىپ، بىزدىن ئەھدە ئالغان؛ بىزمۇ بىر ـ بىرىمىزگە مەسئۇل بولۇپ، هايات كەچۈرۈشكە ئەھدە بەرگەن ئىدۇق. ناۋادا غەرىبتىكى بىر مۇسۇلمان ئىسلامنىڭ قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، خاتالىق سادىر قىلسا، گۇناھ قىلسا، شەرق ۋە غەرىبتىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىمىز.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىدا پەرز مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، پەرز ئەين بولۇپ، بەش ۋاخ ناماز ۋە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا ئوخشاش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىگىلا پەرز بولىدىغان؛ ئادا قىلمىسا، گۇناھى ئۆزىگىلا يۈكلىنىدىغان؛ ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار ئادا قىلىپ قويسا بولمايدىغان پەرزدۇر.

ئىككىنچىسى، پەرز كۇپايە بولۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئارتۇقچىلىق ۋە مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىن پەرز ئەيندىن چوڭدۇر. چۈنكى، پەرز ئەين بولغان ئىشلاردا شەخسلەر ئايرىم ـ ئايرىم جاۋابكارلىققا تارتىلسا، پەرز كۇپايە بولغان ئىشلاردا پۈتۈن ئۈممەت جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ناۋادا مۇسۇلمان جامائىتى ئىچىدىن يېتەرلىك كىشى پەرز كۇپايە بولغان ئىشلارنى ئادا قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسا، پۈتۈن ئۈممەت جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلىدۇ. مۇبادا يېتەرلىك كىشى ئۆز ئۈستىگە ئالمىسا ياكى ئالغان تەقدىردىمۇ لايىقىدا ئادا قىلالمىسا، پۈتۈن ئۈممەت جاۋابكار بولىدۇ يەنى پەرز كۇپايە

ئـادا قىلىنمىسـا، شـۇنى ئـادا قىلىشـقا بۇيرۇلغـان پۈتـۈن جامائەتنىـڭ دۇنيـا ۋە ئاخىرەتتـە ئـازاب ـ ئوقۇبەتكـە دۇچـار بولىـدىغانلىقى ئالـلاھ تائـالا تەرىپىدىـن ۋەھيـي قىلىنغـان «قۇرئـان كەرىـم»دە ئوچـۇق ئۇقتۇرۇلغـان:

﴿وَاتَّقُـوا فِتْنَـةً لَا تُصِيبَـنَّ الَّذِيـنَ ظَلَمُـوا مِنْكُـمْ خَاصَّةً وَاعْلَمُـوا أَنَّ اللَّهَ شَـدِيدُ الْعِقَابِ﴾ **﴿ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾**[1] دېگـەن ئۇلـۇغ ئايـەت پـەرز كۇپايىنى تاشـلىغان ئۈممەتكـە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

پـەرز كۇپايـە بولغـان ئىشـلار ئىچىـدە ھەممىدىـن ئـەۋزەل ۋە ئۇلـۇغ بولغىنـى ئىسـلام ئەللىرىنىـڭ دىنىـي ئەركىنلىكـى ۋە سىياسـي ھۆرلۈكىنـى قوغـداپ، شـۇ يولـدا قىلىشـقا تېگىشـلىك كۈرەشـنى چوقۇم قىلىشـتۇر. مۇسـۇلمانلارنىڭ ئـەدەپ ـ ئەخلاقـى «قۇرئـان كەرىـم» ۋە رەسـۇلۇللاھنىڭ تەلىماتىغـا ئۇيغـۇن بولۇشـى ئۈچـۈن، بارلـىق مۇسـۇلمانلار بىـر ـ بىرىگـە نازارەتچىـدۇر. پـەرز كۇپايـە بولغـان ئىشـلارنىڭ ئـەڭ كىچىكـى مېيىـت نامىزىـدۇر. بۇنىڭدىـن باشـقا ئىسـلام ئۆلىمالىرىنىـڭ ۋە ئەسـكىرىي ساھەدىكىلەرنىڭمۇ زىممىسـىگە يۈكلەنگـەن ۋەزىپىلـەر بـار. جۈملىدىـن، ئىسـلام دىنىنـى ھەممىگـە يەتكـۈزۈش، ئەۋلادلارغـا ئىسـلامنى ئۆگىتىـش، دىنغـا قارشـى يېزىلغان تۈرلـۈك يازمىلارغـا ۋە تارقىتىلغـان ئەسـەرلەرگە رەددىيـە يېزىـش مۇسـۇلمانلارغا پـەرز كۇپايىـدۇر. بۈگۈنكـى كۈنـدە بىـز مۇسـۇلمانلارغا پـەرز بولغـان ئىشـلاردىن يەنـە بىـرى دىنىمىزنـى بىلمىگەنلەرگـە بىلـدۈرۈش، ئاڭلىمىغانلارغـا ئاڭلىتىشـتۇر.

ئالـلاھ تائـالا سـىلەرنى ھـەر ئامانەتنـى ئىگىسـىگە تاپشۇرۇشـقا بۇيـرۇپ مۇنـداق دەيـدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُـمْ أَنْ تُـؤَدُّوا الْأَمَانَـاتِ إِلَـى أَهْلِهَـا﴾ **﴿شۈبھىسىزكى،**

---

[1] «ئەنفال»: 25 ـ ئايەت.

**ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ﴾[1].**

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ﴾ **﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[2].**

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

«نَضَّرَ اللهُ عَبْدًا سَمِعَ مَقَالَتِي فَحَفِظَهَا وَوَعَاهَا وَأَدَّاهَا فَرُبَّ حَامِلِ فِقْهٍ غَيْرِ فَقِيهٍ، وَرُبَّ حَامِلِ فِقْهٍ إِلَى مَنْ هُوَ أَفْقَهُ مِنْهُ».

**«مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، دىلىدا ياد ئېلىپ، ساقلاپ، باشقىلارغا مەن دېگەن بويىچە يەتكۈزگەن بەندىنىڭ يۈزىنى خۇدا نۇرلۇق قىلسۇن، خۇرسەن قىلسۇن، ئابرۇيي بەرسۇن! فىقھ ئىلمىنى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچى ئادەم ئۆزى فەقىھ بولمىسىمۇ، ناھايىتى ياخشى ئادەمدۇر. فىقھ ئىلمىنى ئۆزىدىنمۇ فەقىھراق كىشىلەرگە يەتكۈزگەن كىشىمۇ بەك ياخشى كىشىدۇر».**

«لِيُبَلِّغِ الشَّاهِدُ الْغَائِبَ»

**«بۇ جايغا ھازىر بولغانلار يوقلارغا يەتكۈزۈپ قويسۇن!»**[3].

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر دىننى بارلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنى ھەر مىللەتنىڭ ئانا تىلى بويىچە چۈشىنىشلىك تەرجىمە

[1] «نىسائ»: 58 ـ ئايەت.

[2] «ئال ئىمران»: 110 ـ ئايەت.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 4406 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1679 ـ ھەدىس.

قىلىپ، نەشر قىلىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئالىملىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا، خەلق ئاممىسى چۈشەنگۈدەك قىلىپ يېزىلغان ۋەز ـ نەسىھەت ئەسەرلىرى يوق دېيەرلىك. ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئالتە شەھەر[1] تىلىدا تەرجىمە قىلىنغان تەفسىرىمۇ يوق. خەلقىمىز بولسا تەرجىمە ۋە تەفسىرلەرگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق. باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىنلەردە ئوقۇتۇش ئۈچۈن قىسقا، پايدىلىق ھەدىس تەرجىمىلىرى يوق. ھالبۇكى، ئەۋلادلىرىمىزغا ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى دىنىي ۋە مىللىي روھقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەربىيەلەيدىغان ھەدىس تەرجىمىلىرى تولىمۇ زۆرۈر. مەن مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مىللىتىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى ئازراق بولسىمۇ قاندۇرۇش مەقسىتىدە ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراپ، بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»نى تۈركىي تىلغا تەرجىمە ۋە تەفسىر قىلغان ئىدىم. يەنە بۇ كىتابىمنى قەشقەر ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى دارىلمۇئەللىمىنلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ ئىلتىپات نەزىرىگە سۇندۇم.

«سىھاھ سىتتە (ئالتە سەھىھ كىتاب)»[2] دەپ تونۇلغان، مۇسۇلمانلار توغرا ھەم سەھىھ دەپ ئىشەنچ قىلىدىغان ئالتە ھەدىس كىتابىدىن 120 ھەدىسنى تاللاپ ئېلىپ، مۇشۇ كىتابىمغا جەملىدىم.

[1] ئالتە شەھەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان مەشھۇر شەھەرلەر بولۇپ، ئۇلار: «قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچار، تۇرپان» قاتارلىق شەھەرلەردىن ئىبارەت. مەنبە: موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، 717 ـ بەت.

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى توپلانغان «ئالتە كىتاب» بولۇپ، ئۇلار: «سەھىھۇل بۇخارىي»، «سەھىھ مۇسلىم»، «ئەلجامىئ لىتتىرمىزىي»، «سۇنەن لىئەبى داۋۇد»، «نەسائىي»، «سۇنەن ئىبنى ماجە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ ھەدىسلەرنىڭ سەنەدى[1] سەھىھ ۋە «مەرفۇئ»[2] ھەدىسلەردىن بولۇشىغا، شۇنىڭدەك تاللىغان ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭمۇ كىتابتا نەقىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ روھىغا مۇناسىپ بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. مەزكۇر ھەدىسلەر سەھىھ ۋە توغرا دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ھەدىسلەر بولغاچقا، سەنەدلىرىنى زىكىر قىلمىدىم. پايدىلىنىش ئېخىمۇ قولاي بولسۇن ئۈچۈن، كىتابنى 12 بابقا بۆلدۈم. ھەر بابتا شۇ بابنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا 10 ھەدىس يازدىم. نۆۋەتتىكى سۆزۈمنىڭ بېشىدىكى ھەدىسلەر بىلەن جەمئىي ھەدىس سانى 122 بولدى. بۇ كىتاب مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرسلىك قىلىنىدىغان بولغاچقا، ھەدىسلەرنىڭ مەتىنلىرىنى بىرگە يېزىپ، نەشر قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئىمام ۋە ۋائىزلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قوللانمىسى، مۇئەللىملەرگە دەرس قوللانمىسى، ئاۋام خەلققە چۈشىنىشلىك، پايدىلىق كىتاب بولۇشى ئۈچۈن، ھەدىسلەرنى مۇشۇ شەكىلدە تەرجىمە ۋە شەرھ ـ تەفسىر قىلدىم. بۇ كىتابىمدا تاللاپ ئېلىنغان ھەدىسلەر ئۇلۇغ پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قائىدىلەردۇر، ئىجتىمائىي ۋە مىللىي ھاياتىمىزدىكى ھەرىكەت دەستۇرىدۇر، بىزگە ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆگىتىدىغان رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتىدۇر، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ھىدايەت نۇرىغا چىقارغۇچى ئىلاھىي چىراغدۇر، ئىبارىسى ئەمەس، مەنىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىلىغا چۈشۈرۈلگەن ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ نۇرىدۇر، سۆز ۋە ئىبارىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ كەۋسەر شارابىدەك تاتلىق، بالاغەتلىك، ئەدەبىي تىل بىلەن تىزىلغان، مىسلىسىز، مەرۋايىت كەبى جەۋھەرلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتابىمنى «الأنوار

[1] «سەنەد السَّنَدُ»: لۇغەتتە «تايىنىلىدىغان ئاساس» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەدىس ئىلمىدە ھەدىسنىڭ مەتنىدىن بۇرۇن تىلغا ئېلىنىدىغان راۋىيلارنى كۆرسىتىدۇ. راۋىيلار ھەدىس مەتنىگە ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، سەنەد يەنى «يول (تەرىق / الطريق)» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[2] «مەرفۇئ الْمَرْفُوعُ»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلگەن سۆز ۋە خەۋەر مەنىسىدىكى ھەدىس ئاتالغۇسى.

القدسية المنتخبات الفريدي (ئەھمەد فەرىد تاللىغان مۇقەددەس نۇرلار)» دەپ ئاتىدىم. كىتابنىڭ قالغان قىسىملىرىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھ تائالادىن ياردەم ۋە يېتەرلىك ئۆمۈر تىلەيمەن. بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئاللاھنىڭ نۇرى تەجەللى قىلسۇن دەپ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمغا دۇئا قىلىمەن.

ــ ئەھمەد فەرىد ئاباسىي

ئاقسۇ

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

HAK
HAKSEVER

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على سيدنا محمد وآله وأصحابه أجمعين أما بعد

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالام ئۇلۇغىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن! مەقسەتكە كەلسەك:

فإن أصدق الحديث كتاب الله، وخير الهدي هدي محمد صلى الله عليه وسلم، وشر الأمور محدثاتها، وكل محدثة بدعة، وكل بدعة ضلالة، وكل ضلالة في النار.

سۆزنىڭ ئەڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ كىتابى، يولنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يولىدۇر، دىنىي ئىشلارنىڭ ياماننى يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردۇر، ھەر يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش بىدئەت، بىدئەتنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇق، ھەممە ئازغۇنلۇق دوزاختىدۇر.

HAK
HAKSEVER
هەقسۆیەر

بىرىنچى باب

## ئىمان ھەققىدە

**1. عن أبي هريرة قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «الْإِيمَانُ بِضْعٌ وَسَبْعُونَ شُعْبَةً أَفْضَلُهَا لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَدْنَاهَا إِمَاطَةُ الْأَذَى عَنِ الطَّرِيقِ، وَالْحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الْإِيمَانِ».**

**مەنىسى:**

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئىمان 70 نەچچە شاخچىدىن (تارماقتىن) ئىبارەت بولۇپ، ئىمان تارماقلىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ‹لا إله إلا الله (بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا لايىق بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق)› دەپ ئىشىنىپ، تىل بىلەن ئىقرار قىلىشتۇر. (ئىمان شاخچىلىرىنىڭ) ئەڭ ئاددىيسى (يول ئۈستىدىكى تاش، تىكەندەك) ئادەمگە ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىپ تاشلاشتۇر. ھايالىق بولۇش ئىماننىڭ بىر تارمىقىدۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

يۇقىرىدىكى ھەدىس شېرىپنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، يېتىم بالىلارنى ۋە ئاجىزلارنى تەربىيەلەش، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ بالىلىرىغا دىنىي ئەخلاق

[1] قەۋامۇسسۇننە: «ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب»، 1121 ـ ھەدىس.

تەربىيەسى بېرىش، زامان ۋە ماكانغا لايىق ئىلىم ئۆگىتىپ، توغرا تونۇش يېتىلدۈرۈش، ھۈنەر ـ سانائەت ئۆگىتىش قاتارلىق ياخشى ئىشلار ئىمانىنىڭ تارماقلىرىدۇر. ئىمان بىر مېۋىلىك دەرەخ بولسا، بۇ ئىبادەتلەر ئاشۇ دەرەخنىڭ شاخ ۋە پۇتاقلىرىدۇر. ھەتتا، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئادەم ۋە ھايۋانلار ماڭىدىغان يولدىكى تاش ۋە چالمىلارنى ئېلىۋېتىش؛ ئېگىز ـ پەس يەرلەرنى تۈزلەپ قويۇش؛ نىجاسەت، ئەخلەت، شاخ ۋە تىكەن دېگەندەك نەرسىلەرنى كوچىلاردىن ئېلىپ تاشلاش؛ ماشىنا، ئاپتوموبىل ۋە تىرامۋايلارنى ماڭدۇرۇش؛ تۆمۈر يوللارنى ياساپ، پويىزلارنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش؛ ئىنسان ۋە ھايۋاناتلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىمانىنىڭ تارماقلىرىدۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغاندا، ئىمان تولۇق مېۋە بەرگەن بولىدۇ. ھەرقانداق مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى كۆپ بولىدىكەن، مېۋىسىمۇ كۆپ بولىدۇ، سايىسىمۇ ئوبدان چۈشىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش شاخ ۋە پۇتاق بولغان ياخشى ئەمەللەر قانچىلىك كۆپ بولسا، ئىمانىنىڭ دۇنيادىكى پايدىسىمۇ، ئاخىرەتتىكى مېۋىسىمۇ كۆپ ھەم بەرىكەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق ئىشنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن دەپ كۆڭۈلگە پۈكۈش لازىم.

## 2. «الإِيمَانُ إِقْرَارٌ بِاللِّسَانِ وَتَصْدِيقٌ بِالْقَلْبِ»[1].

(بۇ سۆز ھەدىس بولماستىن، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ سۆزىدۇر)[2].

**مەنىسى:**

**2. «ئىمان دېگەن تىل بىلەن ئىقرار قىلىش، دىل بىلەن راست دەپ ئىشىنىشتۇر».**

**شەرھىسى:**

ئىماننىڭ ئاساسى ــ تىلدا ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەرلىكىنى ئىقرار قىلىش، قەلبىدە شۇنى راست دەپ بىلىشتۇر. بىر كىشى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى تىلىدا ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، قەلبىدە راست دەپ ئىشەنمىسە، قىلغان ئەمەللىرى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، قىيامەت كۈنى قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى كۆتىكى ۋە يىلتىزى يوق بىر شاخنى قۇرۇق تۇپراققا ياكى قار ئۈستىگە تىكىپ قويسا، ئۇ شاخنىڭ مېۋە بېرىشىنى كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىماننىڭ كۆتىكى ۋە يىلتىزى بولغان ئىقرار ۋە ئىشىنىش بولمىسا، ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئاخىرەتتە نەتىجىسى بولمايدۇ. دېمەك، ياخشى ئەمەللەر مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشىسا، ئىقرار قىلىش ۋە ئىشىنىش دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ.

---

[1] بىز ھەدىس كىتابلىرىدا بۇ لەۋزىدە كەلگەن ھەدىسنى ئۇچرىتالمىدۇق. لېكىن، بەزى ھەدىس كىتابلىرىدا مۇنۇ لەۋزىدە كەلگەن: عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: «الإِيمَانُ إِقْرَارٌ بِاللِّسَانِ وَتَصْدِيقٌ بِالْقَلْبِ وَعَمَلٌ بِالأَرْكَانِ». ئىمام سۇيۇتىي بۇ ھەدىسنى «مەۋزۇئ» ھەدىسلەر توپلانغان كىتابىدا زىكىر قىلغان. سۇيۇتىي: «اللآلىء المصنوعة في الأحاديث الموضوعة»، 2 ـ توم، 394 ـ بەت.

[2] ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي: «بوستانۇل ئارىفىن»، 1 ـ توم، 398 ـ بەت.

**3. عن عُمَرَ بْنِ الْخَطّابِ قال قَالَ رسول اللهِ صلى اللهِ عليه وسلم: «أَنْ تُؤْمِنَ بِاللّٰهِ، وَمَلَائِكَتِهِ، وَكُتُبِهِ، وَرُسُلِهِ، وَالْيَوْمِ الْآخِرِ، وَتُؤْمِنَ بِالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ» .**

**مەنىسى:**

3. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ئىمان دېگەن: ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا، ئەلچىلىرى ئارقىلىق بەندىلىرىگە نازىل قىلغان كىتابلىرىغا، خەلقنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ بېكىتكىنى بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر**»[1].

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىستە ئىمانغا ئالاقىدار ئالتە مەسىلە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، يەتتىنچىسى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىشتۇر. بۇ يەتتە نەرسىگە ئىمان ئېيتىش ۋاجىپ بولۇپ، ئىماننىڭ ئاساسى مۇشۇ يەتتە نەرسىدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭا، ئۇلاردىن ھەرقانداق بىرىگە ئىشەنمىگەن كىشى مۇسۇلمان بولالمايدۇ.

---

[1] «مۇسلىم»، 1 ـ ھەدىس.

**4. عَنِ ابْنِ عَبّاسٍ قال قَالَ رسول اللّٰه صلى اللّٰه عليه وسلم: «أَتَدْرُونَ مَا الإِيمَانُ بِاللّٰهِ وَحْدَهُ؟ قَالُوا: اللّٰهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: شَهَادَةُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاّ اللّٰهُ، وَأَنّ مُحَمّدًا رَسُولُ اللّٰهِ، وَإِقَامُ الصّلاَةِ، وَإِيتَاءُ الزّكَاةِ، وَصِيَامُ رَمَضَانَ، وَأَنْ تُعْطُوا مِنَ المَغْنَمِ الخُمُسَ» .**

**مەنىسى:**

4. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەبىيئە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرىدىن:

**- ئىماننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:**

**- ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**- ئىمان دېگىنىمىز، ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشىمىزغا لايىق ھېچبىر ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ئاندىن نامازنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش، ئۇرۇشتا ئېلىنغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشتۇر، - دەپ جاۋاب بەردى»[1].**

**شەرھىسى:**

بۇ ئۇلۇغ ھەدىستە ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىماننىڭ تارماقلىرى تۆت بولۇپ، بىرىنچىسى، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلىش؛ ئىككىنچىسى، زاكات بېرىش؛ ئۈچىنچىسى، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش؛ تۆتىنچىسى، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە كاپىرلاردىن ئېلىنغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن تۆت ھەسسىسىنى ئەسكەرلەرگە ئادالەت بىلەن

[1] «بۇخارىي»، 53 - ھەدىس.

ئۆلەشتۈرۈپ بېرىش، يەنە بەشتىن بىر ھەسسىسىنى كەمبەغەل - ئاجىزلارغا بېرىش ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشتۇر. مۇشۇ ئىشلارغا تولۇق ئەمەل قىلىنغاندا، ئىمان مۇكەممەل بولىدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى غازاتلاردا ئىسلام ئېچىپ، پەتھى قىلىنغان شەھەرلەردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئولجا - غەنىيمەتلەر يا ئەسكەرلەرگە، يا پېقىر - يېتىملەرگە ئۆلەشتۈرۈپ بېرىلمىدى، يا مىللەتنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتى پايدىلانمىدى. بەلكى، ئەسكەر باشلىقى بولغان بىرنەچچە ئادەم خالتا - خۇرجۇنلىرىنى تومپايتتى. كېيىنچە شۇ ماللار سەۋەبلىك ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ قوغىنى كوچىلىشىپ، ئۆزئارا زىددىيەتلەشتى. شۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمانلاردىن ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە غەلىبىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مىڭلارچە مۇسۇلمان قۇربان بولغاندىن سىرت، جىھادنىڭ مېۋىسىدىن مەھرۇم قالدى. ئىمانىمىزنىڭ كامىل بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارغا ئەمەل قىلىنغان بولسا، پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئۆز ياردىمىنى بىزدىن كۆتۈرۈۋەتمىگەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىش بىزگە تېگىشلىك ئىدى﴾[1] دېگەن ۋەدىسى بار.

[1] «رۇم»: 47 - ئايەت.

5. أَبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنه يَقُولُ: «إِيَّاكُمْ وَالكَذِبَ، فَإِنَّ الكَذِبَ مُجَانِبٌ لِلإِيمَانِ» .

**مەنىسى:**

5. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «**يالغاندىن يىراق تۇرۇڭلار! چۈنكى، يالغان ئېيتىش ئىماندىن يىراقلاشتۇرىدۇ**»[1].

**شەرھىسى:**

يالغان ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ قەلبى قېتىپ، قاساۋەتلىشىپ كېتىدۇ؛ باشقىلارنىمۇ (ئۆزىدەك) يالغانچى دەپ ئويلايدىغان گۇمانخور بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇنىڭغا نىسبەتەن راست گەپ، راست ئىش بولمايدۇ؛ ئۇ ئاخىر ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھيىنىمۇ يالغان گۇمان قىلىپ، ئىماندىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

[1] بەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، 20864 ـ ھەدىس.

6. عن أبي هريرة رضي اللهُ عنه قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم: «أَكْمَلُ المُؤْمِنِينَ إِيمَانا أَحْسَنُهُمْ خُلُقا، وَخِيَارُكُمْ خِيَارُكُمْ لأَهْلِهِ».

مەنىسى:

6. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئەخلاقى ئەڭ ئېسىل كىشىلەر ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىنلەردۇر، ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلار ئاراڭلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر»**[1].

شەرھىسى:

ئىمانى كامىل كىشى ئىمانىغا يارىشا ھەربىر مۇسۇلماننى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرىدۇ، ئۇلاردىن ئۆتۈلگەن خاتالىقلارنى كەچۈرىدۇ، ئېغىرچىلىقلىرىغا سەۋر قىلىدۇ.

[1] ئىبنۇل ئەسىر: «جامىئۇل ئۇسۇل مىن ئەھادىيسىر رەسۇل»، 1976 ـ ھەدىس.

**7. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «الْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ، وَالْمُؤْمِنُ مَنْ أَمِنَهُ النَّاسُ عَلَى دِمَائِهِمْ وَأَمْوَالِهِمْ» .**

**مەنىسى:**

7. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**مۇسۇلمان دېگەن تىلى بىلەنمۇ، قولى بىلەنمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان كىشىدۇر، مۇئمىن دېگەن باشقىلارنىڭ جېنىغا ۋە مېلىغا زىيان ئۇرمايدىغان كىشىدۇر**»[1].

**شەرھىسى:**

مۇئمىن كىشى ئىككىنچى بىر ئادەمگە گەپ قىلسا، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، ھەق ۋە توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن گەپ قىلىدۇ. دۈشمەنلىك قىلىپ ئۇغىسىنى ئۆرلىتىش، خىجىل قىلىش ياكى ئاچچىقلىتىش غەرىزىدە گەپ قىلمايدۇ ھەم قولى بىلەنمۇ باشقىلارغا زىيان سالمايدۇ. مۇئمىننىڭ دىنى ياخشى بولغاچقا، باشقىلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن يا مال ـ مۈلكۈمگە زىيان سالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلمايدۇ. مانا بۇ، مۇئمىن ـ مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ بىر ئەۋزەللىكىدۇر.

---

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 22 ـ ھەدىس؛ «تىرمىزىي»، 2627 ـ ھەدىس. ئىمام تىرمىزىي بۇ ھەدىسنى «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن.

8. عَنِ ابْنِ عُمَرَ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِنَّ الْإِسْلَامَ بَدَأَ غَرِيبًا وَسَيَعُودُ غَرِيبًا كَمَا بَدَأَ، وَهُوَ يَأْرِزُ بَيْنَ الْمَسْجِدَيْنِ كَمَا تَأْرِزُ الْحَيَّةُ فِي جُحْرِهَا» .

مەنىسى:

8. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ئىسلام غېرىب باشلانغان، يەنە بالدۇرقىدەك غېرىب ھالىتىگە قايتىدۇ. يىلان ئۇۋىسىغا يىغىلغاندەك، ئىسلام ئىككى مەسجىد ئارىسىغا (مەككە بىلەن بىلەن مەدىنەگە) يىغىلىدۇ**»[1].

شەرھىسى:

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئىسلام غېرىب ھالەتتە باشلىنىپ، ناھايىتى تېزلا دۇنياغا كېڭەيگەندىن كېيىن، يەنە كۆنلەرنىڭ بىرىدە بالدۇرقىدەك غېرىب ھالىتىگە قايتىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇۋالغان دەسلەپكى مەزگىلدە باشقىلارنى يوشۇرۇن ھالدا ئىمانغا دەۋەت قىلدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان بولغاچقا، مەككە شەھىرىدىكى پۈتۈن كاپىرلار پەيغەمبىرىمىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ، ئازار بېرىپ، ناھەقچىلىك قىلغىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەۋرچانلىق بىلەن، مۇستەھكەم تۇرۇپ، بار كۈچى بىلەن دەۋىتىنى داۋاملاشتۇردى.

ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە تارقالدى. دەۋەت باشلىنىپ يىگىرمە ئىككى ياكى يىگىرمە ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئاخىرقى ۋىدالىشىش ھەججىدە يۈز مىڭدىن ئارتۇق كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئۇزۇن

[1] «مۇسلىم»، 146 ـ ھەدىس.

ئۆتمەي ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى يىراق ئەللەردىن تارتىپ ئۇرال تاغلىرىغا قەدەر، ھىمالايا تاغلىرىدىن سەبتە تاغلىرىغا قەدەر بولغان جايلاردا ئىسلام بايرىقى لەپىلدىدى.

ئۇزۇن ئۇخلاپ قالغان ئادەمنىڭ مۇھىم ئىشلىرى يىغىلىپ كۆپىيىپ قالسا، ئويغانغاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالغىنىغا ئىچى پۇشۇپ، ئۇيان ـ بۇيانغا قارىماي، قوپۇپلا يۈگۈرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام دۇنياسىمۇ ئۇزۇن غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەممىدىن بۇرۇن تۈرك مىللىتى ئويغىنىپ، تارىختىي دۈشمەنلىرى بىلەن قېرىنداشلىرىنى پەرق ئېتىدۇ ۋە ھەممىسى بىرلىشىدۇ، نەتىجىدە، سۇۋەيش قانىلىدىن قامچات يېرىم ئارىلىغىچە، ئالتاي تاغلىرىدىن ئالتۇن تاغلىرىغا قەدەر سوزۇلغان بىپايان زېمىندا بۈيۈك ھەم قۇدرەتلىك ئىسلام دۆلىتى قۇرىدۇ. ئالتاي، تىيانشان، ئۇرال، كاپكاز تاغلىرىدا تۈرك ئاتلىرى چاپىدۇ، تۈرك ئايروپىلانلىرى ئۇچىدۇ، تۈرك سازلىرى چېلىنىدۇ، يات مىللەتلەردىن يۇققان ئىللەتلەر پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ، بارلىق تۈرك يۇرتلىرى فىردەۋس جەننىتىدەك بولىدۇ. يەر يۈزىدىكى بارلىق مۇسۇلمان ئەللەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، نادانلىقتىن كېلىپ چىققان ئىچكى دۈشمەنلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق يوقىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە قېرىنداشلىق بارلىققا كېلىدۇ، ھەر يەردە ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرى قۇرۇلىدۇ، ئاندىن بۈيۈك تۈرك ئىسلام دۆلىتىنىڭ قول تىقىشى بىلەن يەر يۈزىدىكى بىرقانچە مىللەتتىن ئۇيۇشقان ئىسلام دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى «ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرى بىرلىكى» دەپ چوڭ بىر دۆلەت بارلىققا كېلىدۇ. مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەم بىلەن مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسجىدى ئارىسىدا بۈيۈك ئىسلام سىياسىي كېڭىشى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئافرىقا بەربەرلىرى، ئۇرال تۈركلىرى، ئانادولۇ يولۋاسلىرى، ياۋروپا بوسنىيەلىكلىرى، ھىندونېزىيەلىكلەر، مالايسىيالىقلار، غەرب تەرەپتىكى ئەرەبلەر ھەممىسى بىر ئىسلام بايرىقى ئاستىدا يەنى «قۇرئان»نىڭ ھۆكمى ئاستىدا جەم بولۇپ، ئالەمشۇمۇل ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تىنچلىق بەرپا قىلىشقا ئەھدىلىشىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ

چوقـۇم ئىشقا ئاشـىدىغانلىقى ئېنىـق بولـۇپ، ھەدىس شـېرىپتە «فطوبى للغربـاء (غېرىبلارغـا خـۇش مۇبـارەك بولسـۇن)» دەپ بىـز مۇسـۇلمانلارغا خـۇش خـەۋەر بېرىلـىدۇ. بـۇ ئىشـلارنى ئىشـقا ئاشـۇرغۇچىلار تۈركلـەر بولغۇسـى، ھۆكۈمەتنـى ئىـدارە قىلغۇچىلارمـۇ تۈركلەردىــن بولـۇپ، پۈتـۈن ئىسـلام دۇنياسـىنى شـۇلار ئىـدارە قىلغۇسـى، دۇنيـا تارىخىـدا كاتتـا شـان ـ شـەرەپ ۋە نـام قازانغۇچىلارمـۇ تـۈرك جەڭچىلـىرى ۋە قەھرىمانلىــرى بولغۇسـى. ﴿يُحِبُّهُـمْ وَيُحِبُّونَـهُ﴾ **﴿ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان﴾**[1] دېگـەن ئۇلـۇغ ئايەتتـە ماختالغـان كىشـىلەر بىـز تۈركلەرمىز، ئۇلـۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ بـۇ ھەقتـە بىـز تۈركلەرگـە بەرگـەن مەخسـۇس خـۇش خەۋىــرى بــار. («ســىراتۇل مۇســتەقىيم» ناملىــق تەفســىر كىتابىمىنىــڭ ئىككىنچـى قىسـمى «مائىـدە» سۈرىسـىنىڭ 85ــ54 ـ ئايەتلەرىنىـڭ ھېكمـەت ۋە پەلسـەپە قىسـمىغا قارالسـۇن). ئاللاھ راسـت سـۆزلىگۈچىدۇر، ئاللاھنىـڭ ئەلچىسـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام ئۇنـى يەتكـۈزدى. بىـز بۇنىڭغـا گـۇۋاھ بولىمىـز.

[1] «مائىدە»، 54 ـ ئايەت.

9. أَبُو هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ: «لَا يَسْرِقُ سَارِقٌ وَهُوَ حِينَ يَسْرِقُ مُؤْمِنٌ، وَلَا يَزْنِي زَانٍ وَهُوَ حِينَ يَزْنِي مُؤْمِنٌ، وَلَا يَشْرَبُ الْحُدُودَ – يَعْنِي الْخَمْرَ – وَهُوَ حِينَ يَشْرَبُهَا مُؤْمِنٌ، وَالّذِي نَفْسُ مُحَمّدٍ بِيَدِهِ، لَا يَنْتَهِبُ أَحَدُكُمْ نُهْبَةً ذَاتَ شَرَفٍ، يَرْفَعُ الْمُؤْمِنُونَ أَعْيُنَهُمْ فِيهَا، وَهُوَ حِينَ يَنْتَهِبُهَا مُؤْمِنٌ، وَلَا يَغُلُّ أَحَدُكُمْ حِينَ يَغُلُّ وَهُوَ مُؤْمِنٌ، فَإِيّاكُمْ وَإِيّاكُمْ» .

مەنىسى:

9. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئوغرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ، زىناخور مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ھاراقكەش مۇئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن ھېچبىرىڭلار باشقىلارنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى مۇئمىنلىك ھالىتىدە بۇلاپ ئېلىۋالمايدۇ، باشقىلارنىڭ مېلىغا مۇئمىنلىك ھالىتىدە خىيانەت قىلمايدۇ، شۇڭا بۇنداق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار!»**[1].

شەرھىسى:

مەزكۇر يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش ئىماننىڭ تارمىقىدۇر. ھەركىم بۇنداق سەت، قەبىھ ئىشلارنى قىلسا، قەلبىدىن ئىماننىڭ نۇرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ؛ ئىماننىڭ نۇرى قەلبتىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، دىلىنى كۇپۇرلۇق بېسىپ، شۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ.

ئىمام غەززالىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا سىنىڭ ئالدىڭغا سۇ ياكى باشقا بىرەر يېمەكلىك كەلسە، بىر كاپىر ساڭا ‹بۇنى يېمە ياكى ئىچمە، بۇنىڭدا زەھەرلىك مىكروب بار›

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 5109 ـ ھەدىس.

دېسە، بۇنى ئەلۋەتتە يېمەيسەن. كاپىرنىڭ سۆزىگە پۈتۈنلەي ئىشەنمىسەڭمۇ، يېمەيسەن. ئەمما، بىر مۇسۇلمان يۇقىرىقى ھارام ئىشلارنى قىلسا، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى بىر كاپىرنىڭ سۆزىچىلىك كۆرمىگەن بولىدۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەم ئاللاھنىڭ سۆزىنى كۆزگە ئىلمىغان بولىدۇ».

**10. جابر رضي الله عنه قال قال رسولُ الله صلى الله عليه وسلم: «ثِنْتَان مُوجِبَتان قال رجل: يا رسول الله، ما الموجِبتان؟ قال: مَن مات يُشْرِك شيئا بالله دَخلَ النّارَ، ومَنْ مات لا يُشْرِكُ شيئا دَخَلَ الجنة».**

**مەنىسى:**

10. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«بىرى جەننەتكە يەنە بىرى دوزاخقا كىرگۈزىدىغان ئىككى خىسلەت بار، دېدى. بىرەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:**

**- ئى رەسۇلۇللاھ! ئىنسانني جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ - دەپ سورىۋېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**- ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن ھالدا ئۆلگەن ھەرقانداق كىشى دوزاخقا كىرىدۇ. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئۆلگەن ھەرقانداق كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، - دېدى»**[1].

**شەرھىسى:**

ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى ياكى كىشىنى شېرىك قوشۇپ ئىبادەت قىلىش دوزاخقا كىرگۈزىدىغان ئىشتۇر، شېرىكتىن پاك ھالەتتە ئاللاھ تائالانى تونۇش جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، پۈتۈن ئالەمنى ياراتقۇچى، دەسلەپتە يوقتىن بار قىلغۇچى زات يالغۇز بىر ئاللاھتۇر؛ ھەممە نېمەتنى بەرگۈچى، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى، زېمىندا ھۆكمىنى يۈرگۈزگۈچى زات بىر ئاللاھتۇر؛ پۈتۈن جاھاندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا، ئۇلۇغلىشىغا، چوقۇنۇشىغا، ئىتائەت قىلىشىغا پەقەت يېگانە ئاللاھ تائالالا ھەقلىقتۇر؛ ئاللاھ تائالاغا قىلىدىغان قۇللۇقنى باشقا نەرسىلەرگە قىلىش زۇلۇمدۇر؛ زۇلۇم قىلىش ئوتقا كىرگۈزىدىغان

[1] ئىبنۇل ئەسىر: «جامىئۇل ئۇسۇل مىن ئەھادىسىررەسۇل»، 7009 - ھەدىس.

ئىشتۇر. شۇڭا، ئاللاھتىن باشقا كىشىدىن ئاللاھتىن قورققاندەك قورقماسلىق ياكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغاندەك چوقۇنماسلىق كېرەك.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

ئىككىنچى باب

## ئىلىم – مەرىپەت توغرىسىدا

**1 . عن معاوية قال قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَنْ يُرِدِ اللّٰهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ» .**

**مەنىسى:**

1. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ**»[1].

**شەرھىسى:**

بىر كىشى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن «قۇرئان»نى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگەنسە ھەمدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى قانۇنىيەت ۋە سىرلارنى بايقاپ چىقسا؛ بۇ ئالەمدىكى ئاجايىپ يېڭى ئىشلارنى بىلىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىپ، ھەر نەرسىگە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراپ، ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنەلەيدىغان بىلىم ۋە پاراسەتكە ئىگە بولسا؛ داۋاملىق ئاللاھنى ئەسلەپ، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پۈتۈن ياخشىلىقىغا نائىل بولۇشنى نېسىپ قىلىدۇ، بۇنداق كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىدۇ. مانا بۇ ئىشلار ئىلىمنىڭ ئەۋزەللىكىدۇر.

---

[1] «بۇخارىي»، 71 ـ ھەدىس.

2. عَنْ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرَةَ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «اغْدُ عَالِمًا أَوْ مُتَعَلِّمًا أَوْ مُسْتَمِعًا أَوْ مُحِبًّا وَلَا تَكُنِ الْخَامِسَةَ فَتَهْلِكَ» .

مەنىسى:

2. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ئەتىگەندە ئالىم ياكى ئىلىم ئۆگەنگۈچى ياكى ياخشى سۆزگە قۇلاق سالغۇچى ياكى ئىلىم ئەھلىنى دوست تۇتقۇچى بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزغىن، بەشىنچى تۈرلۈك كىشى بولما! بولمىسا، ھالاك بولىسەن**»[1].

شەرھىسى:

مۇمكىنقەدەر قىممەتلىك ئۆمرۈڭنىڭ سەھەر ۋاقتى بولغان ياش ۋاقتىڭدىن تارتىپ ئالىم بولۇشقا تىرىشقىن، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ياراملىق چوڭ بولغىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بىلىمسىز قالغان بولساڭ، دەرھال تۇتۇش قىلىپ بىلىمگىنى تولۇقلىۋالغىن، ئۆمرۈڭنىڭ ياشلىق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ قالغان ئۆمرۈڭدە مىللىتىڭگە، دىنىڭغا بىلىمىڭ ۋە كۈچۈڭ بىلەن خىزمەت قىلغىن! بىرەر توسالغۇ تۈپەيلى ئىلىم ئۆگىنەلمىگەن بولساڭ، بىلىملىك كىشىلەردىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇت! ئۇنتۇمىغىنكى، بىلگىنىڭگە ئەمەل قىل! دىنىي ئۆلىمالاردىن ئاڭلىغان بويىچە ئەمەل قىلغىن! ئەگەر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالساڭ، قانداقلا ئىلىملىك كىشى بولسا، ئۇنى دوست تۇت! بىلىم يولىغا بار كۈچۈڭنى ئىشلەت! بىلىملىك كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل! بەشىنچى تۈرلۈك ئادەم بولما يەنى ئىلىملىك كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلما! بولمىسا، ھالاك

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 1581 - ھەدىس.

بولىسەن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلغان كىشىنى پەسلەيمەن دېسەڭ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ، دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتىسەن. ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىز ئۈممەتكە مېھرىبانلىق بىلەن تاپىلىغان سۆزلىرى ئىلىمنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

3. عن أبي الدرداء قال رسول اللہ صلّى اللہ عليه وسلم يقول: «مَنْ سَلَكَ طَرِيقًا يطلب به عِلْمًا سَلَكَ اللہ بِهِ طَرِيقًا من طرق الجنة وَإِنّ الْمَلَائِكَةَ لَتَضَعُ أَجْنِحَتَهَا رِضاً لِطَالِبِ الْعِلْمِ، وَإِنّ الْعَالِمَ لَيَسْتَغْفِرُ لَهُ مَنْ فِي السّمَوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ والْحِيتَانُ فِي جوف الْمَاءِ وإن فَضْلَ الْعَالِمِ عَلَى الْعَابِدِ كَفَضْلِ الْقَمَرِ ليلة البدر عَلَى سَائِرِ الْكَوَاكِبِ وإِنّ الْعُلَمَاءَ وَرَثَةُ الْأَنْبِيَاءِ وإِنّ الْأَنْبِيَاءَ لَمْ يُوَرِّثُوا دِينَارًا وَلَا دِرْهَمًا ولكن وَرّثُوا الْعِلْمَ فَمَنْ أَخَذَه أَخَذَ بِحَظٍّ وَافِرٍ» .

مەنىسى:

3. ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«كىمكى ئىلىم يولىدا ماڭىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ سەۋەب بىلەن جەننەتنىڭ يولىغا باشلايدۇ. شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئىلىم ئۆگەنگۈچىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ. ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار) دىن تارتىپ سۇدىكى بېلىقلارغىچە ھەممە جانلىق ئالىمنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئالىمنىڭ ئابىدتىن (ئىلىملىك كىشىنىڭ بىلمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىدىن) ئارتۇقچىلىقى تولۇن ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلارغا بولغان ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ. ئالىملار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئالتۇن – كۈمۈش مىراس قالدۇرغىنى يوق. ئۇلار پەقەت ئىلىمنىلا مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. كىمكى ئىلىم ئۆگەنسە، تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ»**[1].

شەرھىسى:

[1] «سۈنەن ئەبى داۋۇد»، 3641 ـ ھەدىس.

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارىساق، بىرىنچى، ئىلىم ئۆگىنىش يولىغا مېڭىشنىڭ ئۆزى جەننەت يولىغا ماڭغانلىقتۇر، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تېپىشتۇر؛ ئىككىنچى، ئىلىم يولىغا كىرگەن كىشى ئۈچۈن ھەممە پەرىشتىلەر خۇرسەن بولۇپ قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئاسماندىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ھەممىسى ئىلىم ئۆگەنگۈچىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدۇ. چۈنكى، بىلىم بىلەن دۇنيادا ئادالەت بەرپا بولىدۇ، ئادالەت بىلەن ئىلاھىي غەلىبە قولغا كېلىدۇ، ئالىملارلا بولىدىكەن، زېمىندىكى ھايۋانلارمۇ زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ، ھايۋاناتلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەريادىكى بېلىقلارمۇ ئۆلىمالارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ؛ تۆتىنچى، بىلىمسىز ئىبادەت قىلغۇچىغا قارىغاندا بىلىملىك كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقى باشقا يۇلتۇزلارغا نىسبەتەن ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ يورۇقلۇقىغا ئوخشايدۇ؛ بەشىنچى، ئىلىم شۇنداق ئۇلۇغ نەرسىكى، ئوتتا كۆيمەيدۇ، سۇدا چىرىمايدۇ، سېسىمايدۇ، ئوغرى ئالالمايدۇ. ئىلىم ئالتۇندىن قىممەت، ھۆرمەتلىك نەرسىدۇركى، ئۇنى پەيغەمبەرلەر قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇڭا، دۇنيادا ئېرىشكىلى بولىدىغان پايدىلار ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى ئىلىمدۇر. ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قانداق كىشىگە ئىلىم ئاتا قىلىنسا، ئەڭ چوڭ نېسىۋە بېرىلگەن بولىدۇ.

HAKSEVER

4. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «الْكَلِمَةُ الْحِكْمَةُ ضَالَّةُ الْحَكِيمِ حَيْثُ مَا وَجَدَهَا فَهُوَ أَحَقُّ بِهَا» . في رواية أخرى «الكَلِمَةُ الحِكْمَةُ ضَالَّةُ الْمُؤْمِنِ» .

مەنىسى:

4. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ھېكمەتلىك سۆز دانا كىشىنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسى بولۇپ، دانا ئۇنى قەيەردە ئۇچراتسا، ئېلىۋېلىشقا ئەڭ لايىق كىشىدۇر»**[1]. يەنە بىر رىۋايەتتە: **«ھېكمەتلىك سۆز مۇئمىننىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر»**[2] دەپ كەلگەن.

شەرھىسى:

بەزىدە ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى بولمىغان كىشىلەر ھېكمەتلىك (يېڭىچە بىلىمگە دائىر) سۆزلەرنى ئېيتىپ قالىدۇ. شۇ ئىنچىكە ئىلمىي سۆزلەر بىرەر داناغا يەتسە، ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پايدىلىنىشقا ئەڭ لايىق كىشى شۇدۇر. چۈنكى، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھېكمەتلىك سۆزلەر دانالارنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان مېلى بولۇپ، ئۇ خۇددى تاپالماي قالغانغا ئوخشايدىغان نەرسىدۇر. ھالبۇكى، مېلى يوقاپ كەتكەن كىشىلەر يوقالغان مېلىنى كىمنىڭ قولىدا تاپسا، گەرچە مال ـ مۈلكى يوق ئادەمنىڭ قولىدا بولسىمۇ، ئۇنى ئېلىۋېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر. شۇنىڭدەك، ئىلىم ـ ھېكمەتكە ئىگە بولۇشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان مۇئمىنلەر قايسى مىللەتتە ياكى قايسى كىشىدە مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتىغا، دۇنيادىكى ھايات ۋە ئەركىنلىك

---

[1] بەغەۋىي: «مەسابىيھۇسسۇننە»، 164 ـ ھەدىس.

[2] «تىرمىزىي»، 2687 ـ ھەدىس.

كۈرەشلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا مىللەتلەر ئالدىدا مەغلۇپ بولماسلىقىغا ياردىمى بولىدىغان بىرەر بىلىم ياكى ياخشى بىرەر ھۈنەر تاپسا، شۇنى ئۆگىنىپ، ئۆزىگە ۋە مىللىتىگە پايدا يەتكۈزۈشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىشتۇر.

5. عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الخُدْرِيِّ عَنْ رَسُولِ اللّٰهِ صَلّٰى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَنْ يَشْبَعَ الْمُؤْمِنُ مِنْ خَيْرٍ يَسْمَعُهُ حَتّٰى يَكُونَ مُنْتَهَاهُ الجَنَّةُ».

**مەنىسى:**

5. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«مۇئمىن ئادەم تاكى ئەڭ ئاخىرقى جايى جەننەتكە بارغۇچە ياخشى گەپكە ھەرگىز تويمايدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

مۇئمىن كىشى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ياخشى سۆز ئاڭلاشتىن ياكى ياخشى ئىشنى ئۆگىنىشتىن زېرىكىپ قالمايدۇ، ئۆلۈپ جەننەتكە كىرگۈچە ھەمىشە ئۆگىنىدۇ، ئاڭلايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىلىم جەننەتتۇر، بىلىمسىزلىك دوزاخ ئوتى ۋە ئازابتۇر. ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ جەننىتىگە ئىگە بولۇشتۇر.

[1] «تىرمىزىي»، 2686 ـ ھەدىس.

6. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلّٰى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِذَا مَاتَ الْإِنْسَانُ انْقَطَعَ عَنْهُ عَمَلُهُ إِلّا مِنْ ثَلَاثَةٍ: إِلّا مِنْ صَدَقَةٍ جَارِيَةٍ، أَوْ عِلْمٍ يُنْتَفَعُ بِهِ، أَوْ وَلَدٍ صَالِحٍ يَدْعُو لَهُ».

مەنىسى:

6. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئىنسان ئۆلگەن ھامان (ھايات چېغىدا قىلىپ كەلگەن) ساۋابلىق ئىشلىرى توختايدۇ، لېكىن مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ يەنى داۋاملىشىپ تۇرىدىغان سەدىقە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ بالا (قالدۇرۇپ كەتكەن كىشىنىڭ) ساۋابى توختىمايدۇ»**[1].

شەرھىسى:

بۇ دۇنيا بىر بازار بولۇپ، دۇنيادا نېمە ئىش قىلسا، شۇنىڭ پايدىسىنى ياكى زىيىنىنى ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. بازاردىن قايتقان كىشىنىڭ ئېلىم ـ سېتىمى توختىغاندەك، ئۆلگەن ئادەمنىڭمۇ ساۋابلىق ئىشلىرى توختايدۇ. لېكىن، بىر مۇئمىن ئىلىم ئۆگەتسە ياكى كىتاب يازسا ياكى يازغان كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ۋەخپە قىلسا ۋە شۇ كىتابتىن باشقىلار پايدىلانسا ياكى ئوقۇتۇپ قويغان تالىپلىرى باشقىلارغا ئىلىم ئۆگەتسە، شۇ ئىشلار قاچانغىچە داۋاملىشىدىكەن، دەسلەپتە باشلىغان كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەجىر ـ ساۋاب يېتىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىر كىشى بالىسىنى دىندار قىلىپ تەربىيەلىسە ياكى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بىرەر ھۈنەر ئۆگىتىپ، ئۇبدان ئادەم

[1] «مۇسلىم»، 1631 ـ ھەدىس.

قىلىپ يېتىشتۈرسە، ئۇ بالا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە مىللىتىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزسە، شۇ بالىغا ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قانچىلىك ئەجىر - ساۋاب يېزىلغان بولسا، دادىسىغىمۇ ئوخشاش ئەجىر - ساۋاب يېزىلىدۇ ھەمدە بالىنىڭ دۇئاسى ئاتا - ئانىغا قەبرىدە ئەسقاتىدۇ.

بىر كىشى تىرىك ۋاقتىدا ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن مەسجىد ۋە مەدرىسە (دىنىي مەكتەپ) بىنا قىلغان بولسا ياكى يېتىم - يېسىرلارنى تەربىيەلەش ئورۇنلىرىنى سالغان بولسا، ۋەخپە يەرلەرنى بەرگەن بولسا ۋە شۇ يەرلەرگە مۇساپىرلارنى كۈتۈۋالىدىغان مېھمانخانىلار، كۆۋرۈكلەر سېلىنغان بولسا، بۇ ئىشلار ساۋابى ئۈزۈلمەيدىغان سەدىقە بولۇپ، ئۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ساۋابى داۋاملىق نامە - ئەمەل دەپتىرىگە يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەمەللىرى يېزىلىدىغان نام - ئەمەل دەپتىرى تۈرۈپ قويۇلىدۇ. ئەمما، داۋاملىشىپ تۇرىدىغان سەدىقىسى بار ئادەمنىڭ نامە - ئەمەل دەپتىرى قاتلاپ قويۇلماي، ھەمىشە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ.

7. عن علي بن أبي طالب رضي الله تعالى عنه أن النبي عليه الصلاة والسلام قال: «طَلَبُ الْعِلْمِ فَرِيضَةٌ عَلَى كُلِّ مسلم ومسلمة» .

مەنىسى:

7. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئەر – ئايالغا پەرزدۇر**»[1].

شەرھىسى:

ئىسلام شەرىئىتىدە ئىلىم ئۆگىنىپ، كامىل ئادەم بولۇشتا ئەر ـ ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ. ئىلىم ئاللاھنىڭ كاتتا نېمىتى بولۇپ، ئاللاھنىڭ بۇ پەزل ـ مەرھەمىتى ھەممىگە ئورتاقتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتى ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ـ ئايالغا پەرزدۇر. مىللەتكە قىلىنىدىغان خىزمەت ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى بىلىم بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئىلىم ئۆگىنىش ھەممىگە پەرزدۇر.

[1] سەمەرقەندىي: «بوستانۇل ئارىفىين»، 1 ـ توم، 304 ـ بەت.

**8. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «اطْلُبُوا الْعِلْمَ وَلَوْ بِالصِّينِ» .**

**مەنىسى:**

8. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ئىلىمنى خىتاي شەھىرىگە بېرىپ بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار!**»[1].

**شەرھىسى:**

بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەرنى سىياسىي مۇستەقىللىققا، ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىلىم ـ مەرىپەت قانداقلا بولسا ئۇلۇغدۇر. دېمەك، خىتايدا بولسۇن ياكى ياپونىيەدە بولسۇن، بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئەسلا يوقالمايدۇ. شۇڭا، ئىلىم قايسى يۇرتتا، قايسى ئادەمدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانلار چوقۇم ئۆگىنىشى لازىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق مىللەتتە ۋە ھەرقانچە يىراق يۇرتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجتىمائىي ھاياتىڭلار ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن لازىملىق بىلىملەرنى ئۆگىنىڭلار!» دېگەن.

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 1543 ـ ھەدىس.

**9. عَنْ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَنْ سَنَّ فِي الْإِسْلَامِ سُنَّةً حَسَنَةً، فَعُمِلَ بِهَا بَعْدَهُ، كُتِبَ لَهُ مِثْلُ أَجْرِ مَنْ عَمِلَ بِهَا، وَلَا يَنْقُصُ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْءٌ، وَمَنْ سَنَّ فِي الْإِسْلَامِ سُنَّةً سَيِّئَةً، فَعُمِلَ بِهَا بَعْدَهُ، كُتِبَ عَلَيْهِ مِثْلُ وِزْرِ مَنْ عَمِلَ بِهَا، وَلَا يَنْقُصُ مِنْ أَوْزَارِهِمْ شَيْءٌ».**

**مەنىسى:**

9. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى ئىسلامدا بىرەر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قانچىلىك ئادەم قىلسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەجىر – ساۋاب بولۇپ تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەيدۇ. كىمكى ئىسلامدا بىرەر يامان ئىشنى باشلاپ بەرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قانچىلىك ئادەم قىلسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك گۇناھ بولۇپ تۇرىدۇ. باشقىلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەيدۇ»**[1].

شەرھىسى:

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا قارايدىغان بولساق، بىر كىشى ئوقۇپ ئىلىم ئۆگەنسە، ئاندىن باشقىلارغا ئۆگەتسە، ئۆگەنگەنلەر شۇ بويىچە ئەمەل قىلسا ھەم كېيىنكىلەرگە ئۆگەتسە، كېيىنكىلەر شۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەل قىلىش بىلەن قانچىلىك ئەجىر - ساۋاب تاپسا، دەسلەپتە شۇ ئىلىمنى ئۆگەتكەن كىشىگە شۇنچىلىك ئەجىر - ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن، كېيىنكىلەرنىڭ ئەجىر - ساۋابى كېمىيىپ كەتمەيدۇ. بىر مۇئمىن كىشى مىللىتىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قانداق بىر ياخشى ئىشنى قىلسا، مەسىلەن، مەسجىد،

[1] «مۇسلىم»، 1017 - ھەدىس.

مەدرىسە، مەكتەپ، يېتىم ـ يېسىرلار ئۈچۈن دارىلئېتام قاتارلىق ئورۇنلارنى بىنا قىلسا، مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن «قۇرئان» ۋە كىتابلارنى نەشر قىلىشتەك ئىشلارنى قىلسا، ئۇ كىشىگە ئەگىشىپ باشقىلارمۇ شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، كېيىنكىلەرگە يېزىلغان ئەجىر ـ ساۋاب دەسلەپتە باشلىغان كىشىگىمۇ ئوخشاش يېزىلىپ تۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇزاق سەپەردىن كېلىپ ھېرىپ چارچىغان، ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ قالغان يوقسۇل ئادەملەرگە بىر ھەميان تەڭگىنى تۇنجى بولۇپ خەجلەپ بەرگەن بىر ساھابىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن مۇشۇ ھەدىسنى سۆزلىگەن. ئەمما، بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى ھەممىگە ئومۇم بولۇپ، ھەرقانداق ياخشى ئىشنى دەسلەپتە قىلغۇچىلار مۇشۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى ئاستىغا كىرىدۇ.

10 . عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «سَلُوا اللّٰهَ عِلْمًا نَافِعًا، وَتَعَوَّذُوا بِاللّٰهِ مِنْ عِلْمٍ لَا يَنْفَعُ» .

مەنىسى:

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ئاللاھ تائالادىن مەنپەئەتلىك ئىلىم سوراڭلار، مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەڭلار!**»[1].

شەرھىسى:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلىمنى ئىككى تۈرگە ئايرىپ، بىرى مەنپەئەتلىك، يەنە بىرى مەنپەئەتسىز ئىلىم دەپ كۆرسەتكەن ۋە ئاللاھتىن مەنپەئەتلىك ئىلىم تىلەشكە بۇيرۇپ، مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن «اللهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لاَ يَنْفَعُ» «**ئى ئاللاھ! مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن**»[2] دەپ پاناھ تىلەشنى ئۆگەتكەن. پايدا ـ زىيان دېگەن نىسپىي ئىش بولۇپ، بىر مىللەتكە پايدىلىق بىلىم يەنە بىر مىللەتكە زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭدەك، مەلۇم دەۋردە پايدىلىق بىلىم يەنە بىر دەۋردە زىيانلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى ئەكسىچە بولۇپ، بۇرۇنقى دەۋردە ئانچە زىيانلىق بولمىغان «مەنتىق ئىلمى (لوگىكا ئىلمى)»، «كالام ئىلمى» قاتارلىقلارنى بۈگۈنكى كۈندە مەدرىسەدە ئوقۇش زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مەزكۇر ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ «قۇرئان»نىڭ مەنىسىنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگىنىشكە توسالغۇ بولىدۇ، شۇنداقلا ھازىرقى زاماندا بىزگە سۇ بىلەن

[1] «ئىبنى ماجە»، 3843 ـ ھەدىس.

[2] «مۇسلىم»، 2722 ـ ھەدىس.

ھاۋادەك مۇھىم بولغان تەبىئەتشۇناسلىق، گېئولوگىيە دېگەندەك بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە پۇرسەت بەرمەيدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن «مەنتىق ئىلمى»نىڭ بىر پۇللۇق پايدىسى يوق. ھازىرقىدەك مەدەنىيەت دەۋرىدە جان ئۈچۈن كۈرەشلەر قىلىنىۋاتىدۇ؛ ھەر ھۆكۈمەت، ھەر مىللەت ۋە ھەر گۇرۇھ ھەممىدىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ، باشقىلارنى يوقىتىپ، ئۆزىلا ياشاشنىڭ كويىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار توختىماي توپ - زەمبىرەك، ئايروپىلان، تانكا، سۇ ئاستى پاراخوتى، مىنا ۋە ئاتوم قاتارلىق قورallarنى ئىجاد قىلماقتا. ھەممىدىن مۇھىم ئۇرۇش قورالى سودا - تىجارەت مۇئامىلىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق باشقا مىللەتلەرنى ئىقتىسادىي مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەملىكە بولغان مىللەتنىڭ بايلىق كۈچى بولمىغانلىقتىن، سىياسىي جەھەتتىمۇ مۇستەملىكە بولىدۇ. بىز تۈركلەرمۇ ھايات - ماماتلىق كۈرىشىمىزدە ئەجدىھالارغا يەم بولماسلىق ئۈچۈن، مەكتەپلىرىمىزدە ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلىرىمىز ياش ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا مىللەتنى قوغداش، دىنىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئەدەبىي جاسارەت روھى بېغىشلايدىغان بولۇشى كېرەك.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان پايدىلىق بىلىم بىز ئۈچۈن ئەنە شۇ بىلىمدۇر. شۇڭا، ئادەمنى مۇنكىر - نەكىرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان «نەفەھاتى شەرىف»تەك سوپىزم كىتابلىرىنى دەرس قىلىشقا يارىمايدۇ، ناخشا ئۆگىتىدىغان پارس ئەدەبىياتلىرىمۇ بولمايدۇ. بىز مۇسۇلمانلار يەر يۈزىدە 480 مىليونلۇق خەلق بولساقمۇ، مائارىپتا ھەممىدىن ئارقىدا قالدۇق، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزمۇ ئىنتايىن ناچار. بىزدەك مىللەتلەرنىڭ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق لازىم. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار چوڭ بىرلىكتىن ئىبارەت ئاساسنى قولدىن بەرمەي، ھەممىمىز «قۇرئان»نىڭ ھۆكمىگە ئەگىشىپ، بىر خىل يېزىق قوللىنىپ، ھەر ئىشتا ۋە پىكىردە بىرلىك ئىچىدە ياشىساق، دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز. ناۋادا ئومۇمىي مۇسۇلمانلاردىن ئايرىلىپ، باشقا

يولـدا ماڭساق، يامـان كۆنگـە قالىمىـز. شـۇڭا، پۈتـۈن مۇسـۇلمانلار قولىنىۋاتقـان ئـەرەب ئېلىپبەسـىنى تاشـلاپ، باشـقا ئېلىپبـە قوبـۇل قىلسـاق، مەكتەپلىرىمىزگـە كىرگۈزسـەك، ﴿وَمَزَّقْنَاهُـمْ كُلَّ مُمَـزَّقٍ﴾ ﴿ئۇلارنــى تىتمـا ـ تىتمـا قىلىۋەتتـۇق﴾[1] دېگـەن ئۇلـۇغ ئايەتنىـڭ مەزمۇنــى بويىچـە بىـز شـۇ ئايەتكـە ئەمەلىـي مىسـال بولـۇپ، هايـات سەهنىسـىدىن يوقىلىمىـز (ئالـلاھ ساقلىسـۇن). بولۇپمـۇ مەكتەپلـەردە باللارغـا مىللىــي روھ، مەدرىســەلەردە ئوقۇغۇچىلارغـا «قۇرئــان» روھىنــى ئۆگەتمـەي، ئالالاهقـا ئىشىنىشـتە دەلىـل ئىسـپات ۋە ئەقلىـي پاكىتقـا تايانمـاي، قارىغۇلارچـە ئەگەشـمىچىلىك بىلـەن ئەرەبچـە هەرپكـە باشــقا هەرپلەرنــى ئارىلاشــتۇرۇپ باللىرىمىزنــى «قۇرئــان كەرىم»دىــن يىراقلاشتۇرساق، دۇنيـا ۋە ئاخىرەتتـە زىيـان تارتىمىـز. شـۇڭا، ياتلارنىـڭ يېزىقىنــى قوللىنىشـنى زىيانلىـق بىلىـم دەيمىـز. چۈنكـى، بىزنىـڭ ئالىـي مەكتەپلىرىمىـز ئۇياقتـا تۇرسـۇن، تۈزۈكـرەك باشـلانغۇچ مەكتەپلىرىمىزمـۇ يـوق، دېسـەك خاتالاشـمايمىز. شـۇڭا، كىرەكسـىز نەرسـىلەر بىلـەن ئۆمرىنـى ئۆتكـۈزۈپ، زۆرۈرنـى تاشـلاش ئەخمەقلىكتـۇر. «وَتَعَـوَّذُوا بِـاللّٰهِ مِـنْ عِلْـمٍ لَا يَنْفَـعُ» «مەنپەئەتسـىز ئىلىمدىــن پانـاھ تىلـەڭلار!» دېگـەن هەدىسىنىڭ مەزمۇنىغىمـۇ ئۇيغۇن كەلمەيــدۇ.

---

[1] «سەبەئ»: 19 ـ ئايەت.

HAK
HAKSEVER

ئۈچىنچى باب

# ئىبادەت توغرىسىدا

**1 . عَنْ أَبِي بَكْر «أَنَّ رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللّٰهِ: أَيُّ النَّاسِ خَيْرٌ؟ قَالَ: مَنْ طَالَ عُمْرُهُ وَحَسُنَ عَمَلُهُ قَالَ: فَأَيُّ النَّاسِ شَرٌّ؟ قَالَ: «مَنْ طَالَ عُمْرُهُ وَسَاءَ عَمَلُهُ» .**

**مەنىسى:**

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: **«بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:**

**- ئى رەسۇلۇللاھ! ئىنسانلارنىڭ قايسىسى ياخشى؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**- ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، قىلغان ئەمەلى ياخشى بولغان كىشى، - دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:**

**- ئىنسانلارنىڭ قايسىسى يامان؟ - دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**- ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، قىلغان ئەمەلى يامان بولغان كىشى، - دەپ جاۋاب بەردى»**[1].

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىس شېرىپتىن مەلۇم بولىدۇكى، ياخشى ئادەم بولۇش

[1] تەبەرانىي: «مۇئجەمۇسسەغىر»، 818 - ھەدىس.

ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش لازىم. ياخشى ئىش قىلمايدىغان ئادەمگە ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ پايدىسى يوق. بەلكى، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆمرى ئۇزىرىغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ پايدىسى چوڭدۇر. چۈنكى، ئۇزۇن ئۆمۈردە كۆپ ئىبادەت قىلىپ، ئاخىرەت كۈنىگە ياخشى تەييارلىق قىلىپ بارغىلى بولىدۇ.

2. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «سَبْعَةٌ يُظِلُّهُمُ اللهُ فِي ظِلِّهِ يَوْمَ لَا ظِلَّ إِلا ظِلُّهُ: إِمَامٌ عَادِلٌ، وَشَابٌّ نَشَأَ بِعِبَادَةِ اللهِ، وَرَجُلٌ قَلْبُهُ مُعَلَّقٌ بِالْمَسْجِدِ إِذَا خَرَجَ مِنْهُ حَتَّى يَعُودَ إِلَيْهِ، وَرَجُلانِ تَحَابَّا فِي اللهِ اجْتَمَعَا عَلَى ذَلِكَ وَتَفَرَّقَا، وَرَجُلٌ ذَكَرَ اللهَ خَالِيًا فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ، وَرَجُلٌ دَعَتْهُ امْرَأَةٌ ذَاتُ حَسَبٍ وَجَمَالٍ فَقَالَ: إِنِّي أَخَافُ اللهَ، وَرَجُلٌ تَصَدَّقَ بِصَدَقَةٍ فَأَخْفَاهَا حَتَّى لَا تَعْلَمَ شِمَالُهُ مَا تُنْفِقُ يَمِينُهُ».

مەنىسى:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق بىر كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئاللاھ تائالا يەتتە تۈرلۈك كىشىگە ئۆزىنىڭ سايىسىدا سايە بېرىدۇ:**

**1. ئادىل ئىسلام پادىشاسى؛**

**2. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ چوڭ بولغان يىگىت؛**

**3. قەلبى مەسجىدكە باغلانغان، مەسجىدتىن چىقسىلا، تاكى قايتقۇچە مەسجىدنى ئەسلەپ تۇرىدىغان كىشى؛**

**4. ئاللاھ بارىسىدا دوستلاشقان ئىككى كىشى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بىر ئارىغا كېلىدۇ، ئايرىلىسىمۇ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئايرىلىدۇ؛**

**5. خالىي جايدا ئاللاھنى ئەسلەپ، ياش تۆككەن كىشى؛**

**6. ئېسىلزادە، ساھىبجامال ئايال (ئۆزى بىلەن زىنا قىلىشقا چاقىرسا)، مەن ئاللاھتىن قورقىمەن دەپ (ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان) كىشى؛**

**7. ئوڭ قولى بەرگەن سەدىقىنى سول قولى بىلمەيدىغان دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە قىلغان كىشىدۇر».**

شەرھىسى:

قىيامەت كۈنى ئەرسات مەيدانىدا، قىيامەتنىڭ قورقۇنچلۇق پەيتلىرىدە ھېچكىم ئۆزىگە بىرەر ياردەمچى، ھىمايە قىلغۇچى ۋە ئۆز سايىسىگە ئېلىپ دەرد ـ ئەلەملىك ئازابتىن قۇتقۇزغۇچى نىجاتكار تاپالمىغاندا، ئاللاھ تائالا يەتتە تۈرلۈك كىشىگە ئۆز رەھمىتى ئىچىدە سايە بېرىدۇ يەنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ، كاتتا دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ. چۈنكى، ئۇلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ دىللىرىنى پاكلىغانلار، ئاللاھنىڭ ئالدىدا تونۇلغانلاردۇر. مەزكۇر يەتتە تۈرلۈك ئادەمنىڭ بىرىنچىسى، ئادالەتلىك ئىسلام پادىشاسى، ئادالەتلىك سوراقچى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھەقنى بەرپا قىلىپ، باتىلنى يوقىتىشقا تىرىشقان؛ يەر يۈزىدىكى ھەممىيلەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، ھۆرمەتلىك مەخلۇقاتى بولغانلىقى ئۈچۈن، باي، يوقسۇل، شەھەرلىك، يېزىلىق دەپ ئايرىماستىن، ئادالەت بىلەن شەھەر سورىغان ئادىل كىشىدۇر. بۇ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالا رەھمىتى بىلەن ئازابتىن ساقلايدۇ.

ئىككىنچىسى، ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ چوڭ بولغان يىگىت. چۈنكى، ئۇ ياش ۋاقتىدا ئىبادەت قىلىۋەرگەچكە، قەلبىدە ئۇلۇغ نۇر ھاسىل بولۇپ، دىلى بىلەن ئاللاھقا يېقىن بولغاندۇر.

ئۈچىنچىسى، بەش ۋاخ نامازنى ھەمىشە مەسجىدتە جامائەت بىلەن ئوقۇغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوي ـ پىكرى ھەر دائىم مەسجىدتە بولغاچقا، بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ. ئاللاھنى ئۇلۇغلاش بىلەن دىلى يورۇق، قەلبى پاك بولغانلىقتىن ئاللاھقا يېقىن بولغان كىشى ئاللاھنىڭ رەھمەت سايىسىدا بولىدۇ.

تۆتىنچىسى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئاخىرەتلىك دوست بولۇشقان ئىككى كىشىدۇر. ئۇلارنىڭ بىرىدە يا ئىككىلىسىدە ئىلىم ۋە تەقۋادارلىق خاسىيىتى بولغانلىقتىن ياكى بىرى يەنە بىرىنى يامان ئىشلاردىن توسۇپ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ئادىتى بولغانلىقتىن بىر ـ بىرىگە ئامراق بولۇپ، بىر يەرگە كەلسىمۇ،

ئايرىلىپ كەتسىمۇ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈپ، ياد ئېتىپ، بىر - بىرىنى قوغدايدۇ. نىيىتى بىر بولغان ئىككى دوست بىر - بىرىنى يامان ئىشلاردىن توسقانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى قىيامەت كۈنىدىكى ئازابتىن ساقلايدۇ.

بەشىنچىسى، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلغان، ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرۇپ ئىش قىلغان، ئاللاھتىن باشقا بىرىگە كۆرسىتىش غەرىزىدىن ساقلانغان مۇئمىندۇر. ھېچكىم يوق يەردە ئاللاھنى ئەسلەپ، دىلى يۇمشاپ، گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، گۇناھتىن قايتىپ، ئاللاھنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەپ يىغلىغان كىشى بولۇپ، بۇنداق كىشى دىلى گۇناھتىن پاكلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ھەقلىق بولىدۇ.

ئالتىنچىسى، مەرتىۋىلىك ئائىلىدىن كېلىپ چىققان؛ باشقىلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغۇدەك چىرايلىق بىر ئايال زىناغا تەكلىپ قىلسا، «مەن زىنا قىلمايمەن، ئاللاھتىن قورقىمەن» دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان؛ ياش ھەم كۈچلۈك تۇرۇپ نەپسى شەھۋىتىنى تىزگىنلىيەلىگەن يىگىتتۇر. بۇنداق يىگىتنىڭ دىلىدا ئىمان نۇرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئاللاھنىڭ رەھمەت سايىسى ئاستىدا بولىدۇ.

يەتتىنچىسى، قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرىدە ئاللاھنى رازى قىلىشنى ئويلاپ قىلىدىغان كىشىدۇر. بۇنداق كىشى قىلغان ئىشىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش غەرىزىدىن ساقلىنىدۇ، پېقىرلارغا سەدىقە بەرسە، يوشۇرۇن بېرىدۇ ھەتتا ئوڭ قولى بەرگەننى سول قولى بىلمەيدىغان دەرىجىدە مەخپىي ھالدا بېرىدۇ، مىننەت قىلمايدۇ، بەرگەن سەدىقىسىنى يادىغا ئەكەلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچىسىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.

3. عِنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ عُمَارَةَ بْنِ رُؤَيْبَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «لَنْ يَلِجَ النَّارَ أَحَدٌ صَلَّى قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ، وَقَبْلَ غُرُوبِهَا».

**مەنىسى:**

3. ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئۇمارە ئىبنى رۇئەيبە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: «**كۈن چىقىشتىن ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇنقى نامازنى (يەنى بامدات ۋە ئەسىر نامىزىنى) ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى ھەرگىز دوزاخقا كىرمەيدۇ**»[1].

**شەرھىسى:**

كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى سەھەر ۋاقتى ھەر كىشىنىڭ تاتلىق ئۇيقۇ ۋاقتىدۇر. ئەسىر ناماز ۋاقتى بولسا تىرىكچىلىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ۋاقىتتۇر. بۇنداق ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇيمەن دەپ قوپۇش ئۇچۇن، قەلبكە تەسىر قىلغۇدەك كۈچلۈك ئىمان كېرەك. بۇ نامازلارنى داۋاملىق ئوقۇغان كىشى ئىمانى كۈچلۈك ھېسابلىنىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە لايىق بولىدۇ. ئاللاھنىڭ مېھىر - شەپقىتى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئوتىدىن ساقلىنىدۇ.

بەش ۋاخ نامازنى ھەر دائىم ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئادەمنى تەرتىپ - ئىنتىزامغا كۆندۈرىدۇ. بۇنداق ئادەمگە ھەر ئىشنى تەرتىپ - ئىنتىزام بىلەن قىلىش ئاسان بولىدۇ. تەرتىپلىك ئىش قىلغان كىشى تەدبىرلىك ھەم پىلانلىق بولۇپ، دۇنيانىڭ خاپىلىقىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. ھەركىم ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، سۆيىدىغان بولىدۇ. مۇئمىنلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەنلىكتىن ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ. ئەمما، كېچىلىرى ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ، قەلب پاك ۋە سۈزۈك بولىدىغان سەھەر ۋاقتىنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ دىلى قارىداپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا

[1] «مۇسلىم»، 634 ـ ھەدىس.

قىلىشقا سەل قارايدىغان، گۇناھ ئىشلارغا ئامراق بولۇپ قالىدۇ ـ دە، دۇنيادا خىجالەتچىلىككە قالىدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھتىن غاپىل ئىنسانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ، دوزاختا مەھكۇم بولىدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**4. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ نَبِيُّ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَنْ نَسِيَ صَلَاةً، أَوْ نَامَ عَنْهَا، فَكَفَّارَتُهَا أَنْ يُصَلِّيَهَا إِذَا ذَكَرَهَا».**

**مەنىسى:**

4. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى نامازنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى ئۇخلاپ قېلىپ (نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە)، ئۇنىڭ كەففارىتى يادىغا كەلگەن ھامان ئوقۇشتۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

ناماز بالاغەتكە يەتكەن پۈتۈن ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرگە پەرز قىلىنغان ئىبادەتتۇر. نامازنىڭ پەرزلىكى قەتئىي بولۇپ، بۇنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ. ناماز بەندىنىڭ جېنى چىقمىغۇچە ياكى مىدىرلىيالمىغۇدەك كېسەل بولمىغۇچە گەدىنىدىن ساقىت بولمايدۇ. بۇ ھۆكۈمدىن پەقەت ھەيزدار ئايال بىلەن تۇغۇتلۇق ئاياللارلا مۇستەسنا بولۇپ، ئۇلار ناماز ئوقۇمايدۇ. نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش پەرز، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، قازاسىنى قىلىش (كېيىن ئوقۇش) پەرزدۇر. نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇماي، قازا قىلغان كىشى ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ.

بىر كىشى نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، يادىغا كەلگەن ھامان پۇشايمان قىلىپ ھەم تەۋبە قىلىپ نامازنى ئوقۇسا، گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ. ناۋادا ناماز ۋاقتى بولغانىنى بىلمەي، ئۇخلاپ قېلىپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىغا پۇشايمان ۋە نادامەت بىلەن نامازنى ئوقۇسا، مۇشۇ ئوقۇغىنى نامىزىغا كەففارەت بولىدۇ.

[1] «مۇسلىم»، 684 ـ ھەدىس.

چۈنكى، ئۇنتۇش ياكى ئۇخلاپ قېلىش ئاللاھتىن كەلگەن ئاپەت بولۇپ، بەندىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**5. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَا مِنْ مُؤْمِنٍ إِلَّا وَلَهُ بَابَانِ، بَابٌ يَصْعَدُ مِنْهُ عَمَلُهُ، وَبَابٌ يَنْزِلُ مِنْهُ رِزْقُهُ، فَإِذَا مَاتَ بَكَيَا عَلَيْهِ».**

**مەنىسى:**

5. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ھەربىر مۇئمىن ئۈچۈن ئىككى ئىشىك بار بولۇپ، بىر ئىشىكتىن ئۇنىڭ ئەمەللىرى كۆتۈرۈلىدۇ، يەنە بىر ئىشىكتىن ئۇنىڭ رىزقى چۈشىدۇ. قاچانكى، مۇئمىن ئۆلۈپ كەتسە، شۇ ئىككى ئىشىك ئۇنىڭغا يىغلايدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

مۇئمىن بەندىنىڭ ناماز ئوقۇغىنىغا ۋە ئاللاھ تائالاغا رۇكۇ ـ سەجدە قىلغىنىغا زېمىن خۇش بولىدۇ، ئۇنىڭ تەكبىر ـ تەسبىھلىرى ۋە ئوقۇغان ئايەتلىرى ئاسماندا ياڭرايدۇ، شۇڭا ئاسمان خۇش بولىدۇ.

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ھەربىر مۇئمىن ئۈچۈن روھانىي ئالەمدە ئىككى ئىشىك بار بولۇپ، بىرىدىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، يەنە بىرىدىن رىزقى چۈشىدۇ يەنى رىزىق بىللەن بىللە ئاللاھنىڭ ھۆكمى نازىل بولىدۇ. مۇئمىن بەندە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرسە، شۇ مۇددەت ئىچىدە مەزكۇر ئىككى ئىشىك داۋاملىق ئوچۇق تۇرىدۇ. مۇئمىنىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئاللاھ تەرەپكە كۆتۈرۈلۈپ، شۇ ئىشىكتىن چىقسا، ئىشىك خۇش بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا قانچىلىك كۆپ رىزىق چۈشسە، ئىككىنچى ئىشىك خۇش بولىدۇ. ئەمما، كاپىرغا زېمىندا يارىتىلغان رىزىقتىن خالىغانچە يېيىشكە رۇخسەت بېرىلسىمۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىمانى

[1] «تىرمىزىي»، 3255 ـ ھەدىس.

بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاسماندىن ئىشىك ئېچىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئۇستۈنكى ئالەمگە ئۆرلىمەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا وَاسْتَكْبَرُوا عَنْهَا لَا تُفَتَّحُ لَهُمْ أَبْوَابُ السَّمَاءِ﴾ **﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)﴾**[1]؛ ﴿فَمَا بَكَتْ عَلَيْهِمُ السَّمَاءُ وَالْأَرْضُ﴾ **﴿ئۇلارغا ئاسمان – زېمىن يىغلىمايدۇ﴾**[2].

[1] «ئەئراف»: 40 ـ ئايەت.

[2] «دۇخان»: 29 ـ ئايەت.

**6. مُعَاذَ بْنَ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ خُبَيْبٍ الْجُهَنِيِّ يُحَدِّثُ عَنْ أَبِيهِ، عَنْ عَمِّهِ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَا بَأْسَ بِالْغِنَى لِمَنِ اتَّقَى، وَالصِّحَّةُ لِمَنِ اتَّقَى خَيْرٌ مِنَ الْغِنَى وَطِيبُ النَّفْسِ مِنَ النَّعِيمِ».**

مەنىسى:

مۇئاز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب ئەلجۇھەنىي دادىسىدىن، ئۇ تاغىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەدىن قورقىدىغان كىشى ئۈچۈن بايلىقنىڭ زىيىنى يوق، ئاللاھتىن قورققان كىشى ئۈچۈن بايلىقتىن ساقلىق ياخشىدۇر، چۈنكى كۆڭۈلنىڭ خۇشال ۋە خاتىرجەم بولۇشى بۈيۈك نېمەتتۇر»**[1].

شەرھىسى:

ئاللاھ تائالا بىر مۇئمىنگە كۆپ بايلىق ئاتا قىلسا، ئۇ مالنى ئورۇنسىز بۇزماي، ئاللاھ بۇيرۇغان يەرلەرگە خەجلىسە، ھارامدىن ساقلىنىپ، ھەر ئىشتا ئاللاھتىن قورقۇپ ئىش قىلسا، بۇنداق ئادەمنىڭ باي بولۇشى يوقسۇل بولغىنىدىن ياخشىدۇر.

بىر كىشى تەقۋادار، تېنى ساغلام بولسا، بۇنداق ئادەمنىڭ باي بولۇشى كېسەل بولغىنىدىن ياخشىدۇر. چۈنكى، تەقۋادار كىشى سالامەت بولسىلا، دىنىغا ۋە مىللىتىگە خىزمەت قىلىشى مۇمكىن.

كۆڭۈل شادلىقى شۈكۈر قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ نېمەتتۇر. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى شاد بولمىسا ياكى كۆڭلىدە قانائەت بولمىسا، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ پۈتۈن بايلىقى بېرىلسىمۇ پايدىسى يوق.

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 2163 ـ ھەدىس.

**7. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «أَرَأَيْتُمْ لَوْ أَنَّ نَهْرًا بِبَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ مِنْهُ كُلَّ يَوْمٍ خَمْسَ مَرَّاتٍ، هَلْ يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ؟ قَالُوا: لَا يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ، قَالَ: فَذَلِكَ مَثَلُ الصَّلَوَاتِ الْخَمْسِ، يَمْحُو اللّٰهُ بِهِنَّ الْخَطَايَا».**

**مەنىسى:**

7. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

**«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**- قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ، بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىرنىڭ ئەسىرى قالامدۇ؟**

**- دەپ سورىدى. ساھابىلەر:**

**- ئۇنىڭ بەدىنىدە كىردىن ھېچقانداق ئەسەر قالمايدۇ، - دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**- كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنۇپ پاك بولغاندەك، ئاللاھ تائالا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرىدۇ، - دېدى»**[1].

شەرھىسى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشنى كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنۇشقا ئوخشىتىپ، كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنغان كىشىنىڭ بەدىنىدە كىر قالماي پاكىز بولغاندەك، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان بەندىنىڭ دىلىدا گۇناھنىڭ تەسىرىمۇ قالمايدۇ، قەلبى گۇناھتىن پاك بولىدۇ يەنى ئاللاھنى ئەسلەش، ئۇنىڭدىن قورقۇش، ئۇنىڭغا باش ئېگىش، رۇكۇ - سەجدە قىلىش قاتارلىق ئەمەللەر بەندىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇپ، قەلبىنى پاك ساقلايدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

[1] «مۇسلىم»، 667 - ھەدىس.

**8. عَنِ ابْنِ عُمَرَ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَا تَمْنَعُوا إِمَاءَ اللّٰهِ مَسَاجِدَ اللّٰهِ».**

**مەنىسى:**

8. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ تائالانىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن توسماڭلار»**[1].

**شەرھىسى:**

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش كۈچلۈك سۈننەت بولۇپ، ساۋابىمۇ چوڭ، ئىسلام جەمئىيىتىمىزگە زور كۈچ بېرىدىغان، ئۇلۇغ ئىشتۇر. شۇڭا، ھەربىر مۇئمىن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا چىقىشى لازىم. ئەرلەر چىققاندەك ئاياللارمۇ چىقىشى كېرەك. جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان ئاياللار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىگە بېرىشتىن توسماڭلار.

رەسۇلۇللاھنىڭ شانلىق دەۋرىدە مۇئمىن ئاياللار جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيتتى، دىنىنىڭ زۆرۈر ئىشلىرى ئۈچۈن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتىكى جامائەتتىن ياردەم توپلىغاندا، مەسجىدتە ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان مۇئمىن ئاياللار بىلەيزۈكلىرىنى ۋە زىرە - مونچاقلىرىنى سەدىقە قىلغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقا سەپلەرگە كېلىپ، ئاياللارنىمۇ سەدىقە قىلىشقا تەشۋىق قىلغانلىقى «سەھىھۇل بۇخارىي»دەك ئۇلۇغ كىتابلاردا نەقىل قىلىنغان. ﴿يَا مَرْيَمُ اقْنُتِي لِرَبِّكِ وَاسْجُدِي وَارْكَعِي مَعَ الرَّاكِعِينَ﴾ **﴿ئى مەريەم! پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل، سەجدە قىل ۋە رۇكۇ قىلغۇچىلار**

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 900 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 442 - ھەدىس.

**بىلەن بىللە رۇكۇ قىل﴾**[1] دېگەن ئايەتتىمۇ مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جامائەتكە چىقىپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغانلىقى زىكىر قىلىنغان.

خۇلاسە كالام، ئاياللارنىڭ جامائەت نامىزىغا چىقىشى بولۇپمۇ ۋەز - نەسىھەت ۋە تەشۋىق - تەرغىباتلار قىلىنىدىغان جۈمە نامازلىرىغا قاتنىشىشى زۆرۈر ھەم رەسۇلۇللاھتىن قالغان ياخشى سۈننەتتۇر. ئاياللارنى جامائەتتىن توسۇش دىندا يېڭى ئىش پەيدا قىلغانلىق يەنى بىدئەتتۇر. ھەرقانداق بىدئەت ئىشنى قىلىش توغرا يولدىن ئازغانلىق بولىدۇ، توغرا يولدىن ئازغان كىشى دوزاخ ئوتىدا بولىدۇ.

كېيىنكى زامانلاردا بەزى بىدئەتچى ئاتالمىش ئۆلىمالارنىڭ خاتالىقى سەۋەبلىك مۇئمىن ئاياللار مەسجىدلەردىن ۋە نەسىھەت ئاڭلايدىغان، دىنىنى ئۆگىنىدىغان سورۇنلاردىن ھەيدىلىپ، بىلىمسىز قالدى؛ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشتىن ۋە ئىسلام ئەخلاقلىرىدىن مەھرۇم قالدى. شۇ سەۋەبتىن، مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاقى كۈندىن - كۈنگە بۇزۇلماقتا.

ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە ئايانكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەخلاقىنىڭ تۈزىلىشى شۇ مىللەتنىڭ ئائىلە تەربىيەسىنىڭ تۈزىلىشىگە باغلىق. ئائىلىلەردە ھەقىقىي تەربىيەتچىلەر ئانىلاردۇر. ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇپ باقمىغان، دىن توغرىسىدا ۋەز - نەسىھەت ئاڭلاپ باقمىغان، بىلىم ۋە توغرا تونۇشلاردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئىچىدىن مىللەتكە خىزمەت قىلغۇدەك، دىنى مۇستەھكەم، ئاللاھتىن قورقىدىغان ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز دىنىمىز ۋە دۇنيالىق ھاياتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى، مىللىتىمىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولساق، ھەممىدىن بۇرۇن ئىلىم - مەرىپەتلىك، زاماننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار، ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك ھەم قابىلىيەتلىك تەربىيەتچى، يولباشچى ئانىلارنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم.

[1] «مەريەم»: 43 - ئايەت.

ئاللاھنىڭ مېھرابى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنبىرىنى ھەر خىل پاسكىنىچىلىقلاردىن تازىلاپ، «قۇرئان» ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى بىلەن جەمئىيەتنى يورۇتۇپ، تىرىلدۈرۈشىمىز كېرەك. مۇنبەرلىرىمىز ۋە مېھرابلىرىمىز مىللىتىمىزگە دىنىي ۋە مىللىي روھ بېغىشلايدىغان يەر بولسۇن! ياشلىرىمىزنى يېڭىچە بەختلىك ھاياتنىڭ قەھرىمانلىرى قىلسۇن! ئاياللىرىمىزمۇ مېھراب ۋە مۇنبەرلەرنىڭ تەربىيەسىنى ئېلىپ، تەربىيەلىك، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، تىرىشچان، دىنىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغان، توغرا تونۇشلۇق ئانىلاردىن بولۇپ يېتىشسۇن!

**9. عَنْ أَبِي كَبْشَةَ الْأَنْمَارِيِّ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «ثَلَاثٌ أُقْسِمُ عَلَيْهِنَّ، وَأُحَدِّثُكُمْ حَدِيثًا فَاحْفَظُوهُ، قَالَ: فَأَمَّا الثَّلَاثُ الَّتِي أُقْسِمُ عَلَيْهِنَّ: فَإِنَّهُ مَا نَقَّصَ مَالَ عَبْدٍ صَدَقَةٌ، وَلَا ظُلِمَ عَبْدٌ بِمَظْلَمَةٍ فَيَصْبِرُ عَلَيْهَا إِلَّا زَادَهُ اللّٰهُ بِهَا عِزًّا، وَلَا يَفْتَحُ عَبْدٌ بَابَ مَسْأَلَةٍ إِلَّا فَتَحَ اللّٰهُ لَهُ بَابَ فَقْرٍ، وَأَمَّا الَّذِي أُحَدِّثُكُمْ حَدِيثًا فَاحْفَظُوهُ، فَإِنَّهُ قَالَ: إِنَّمَا الدُّنْيَا لِأَرْبَعَةِ نَفَرٍ: عَبْدٌ رَزَقَهُ اللّٰهُ مَالًا وَعِلْمًا، فَهُوَ يَتَّقِي فِيهِ رَبَّهُ، وَيَصِلُ فِيهِ رَحِمَهُ، وَيَعْلَمُ لِلّٰهِ فِيهِ حَقَّهُ، قَالَ: فَهَذَا بِأَفْضَلِ الْمَنَازِلِ قَالَ: وَعَبْدٌ رَزَقَهُ اللّٰهُ عِلْمًا وَلَمْ يَرْزُقْهُ مَالًا؟ قَالَ: فَهُوَ يَقُولُ: لَوْ كَانَ لِي مَالٌ عَمِلْتُ بِعَمَلِ فُلَانٍ قَالَ: فَأَجْرُهُمَا سَوَاءٌ، قَالَ: وَعَبْدٌ رَزَقَهُ اللّٰهُ مَالًا وَلَمْ يَرْزُقْهُ عِلْمًا، فَهُوَ يَخْبِطُ فِي مَالِهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ، لَا يَتَّقِي فِيهِ رَبَّهُ، وَلَا يَصِلُ فِيهِ رَحِمَهُ، وَلَا يَعْلَمُ لِلّٰهِ فِيهِ حَقَّهُ، فَهَذَا بِأَخْبَثِ الْمَنَازِلِ قَالَ: وَعَبْدٌ لَمْ يَرْزُقْهُ اللّٰهُ مَالًا، وَلَا عِلْمًا فَهُوَ يَقُولُ: لَوْ كَانَ لِي مَالٌ لَعَمِلْتُ بِعَمَلِ فُلَانٍ، قَالَ: هِيَ نِيَّتُهُ، فَوِزْرُهُمَا فِيهِ سَوَاءٌ».**

**مەنىسى:**

ئەبۇ كەبشە ئەنمارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«ئۈچ خىسلەت باركى، شۇ خىسلەت ئۈستىگە قەسەم قىلىمەن، يەنە سىلەرگە بىر ھەدىس سۆزلەپ بېرىمەن. ئۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ**

**تۇتۇڭلار! مەن قەسەم قىلغان ئۈچ خىسلەتكە كەلسەك، بىرىنچىسى، سەدىقە بىر بەندىنىڭ مال – مۈلكىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ؛ بىر بەندە ناھەقچىلىككە يولۇقۇپ، ئۇنىڭغا سەۋر قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ كۈچ – قۇۋۋىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ؛ بىر بەندە تىلەمچىلىك ئىشىكىنى ئاچسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا پېقىرلىق ئىشىكىنى ئاچىدۇ. سىلەرگە سۆزلەپ بېرىدىغان ھەدىسكە كەلسەك، شۈبھىسىزكى، دۇنيا تۆت تۈرلۈك كىشىنىڭدۇر:**

**1. ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە مال ۋە ئىلىم ئاتا قىلسا، ئاندىن ئۇ كىشى مال ۋە ئىلىم ئارقىلىق ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلسا، سىلە – رەھىمنى ئۇلىسا، مالدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلسا، بۇنداق كىشىنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ ئەۋزەلدۇر.**

**2. ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە ئىلىم ئاتا قىلىپ، ئىقتىساد بەرمىگەن بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى نىيىتى دۇرۇس ھالدا: «كاشكى مېنىڭمۇ مېلىم بولسا ئىدى، پالان كىشىدەك ياخشى ئىشلارنى قىلار ئىدىم» دېسە، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەجىر – ساۋابى ئوخشاشتۇر.**

**3. ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە ئىقتىساد بېرىپ، ئىلىم بەرمىگەن بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى بىلىمسىزلىكىدىن مال – مۈلكىنى قالايمىقان بۇزۇپ – چاچىدۇ، مالنى خەجلەشتە ئاللاھتىن قورقمايدۇ، سىلە – رەھىمنى ئۇلىمايدۇ، مالدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ تۆۋەندۇر.**

**4. ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە مالمۇ بەرمىگەن، بىلىممۇ بەرمىگەن بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى نىيىتى دۇرۇس بولمىغان ھالدا: «كاشكى مېنىڭمۇ مېلىم بولسا ئىدى، پالان كىشى قىلغاندەك ئىشلارنى قىلار ئىدىم» دېسە، بۇ ئىككىيلەننىڭ گۇناھىمۇ ئوخشاشتۇر»**[1].

شەرھىسى:

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئەجىر ـ ساۋابى نىيەتكە باغلىقتۇر. مالمۇ بىر نېمەت بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ يولىدا خەجلەش ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر.

ئىلىممۇ بىر نېمەت بولۇپ، ئۇ ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدىغان

[1] «مۇسنەد ئەھمەد»، 18031 ـ ھەدىس.

رەھبەردۇر. مالنى ئاللاھ يولىدا خەجلەش ئىككى ئالەمنىڭ بەختىنى تېپىشقا سەۋەبتۇر، ئىلىم بولسا ئىگىسىنى مېلى بولمىسىمۇ بەختكە ئېرىشتۈرۈشكە يېتەرلىك ئۇلۇغ نېمەت ۋە دۆلەتتۇر.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**10. أَبو سَعِيدٍ الْخُدْرِيّ يَقُولُ: قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ: «لَا تُشَدُّ الرِّحَالُ إِلّا إِلَى ثَلَاثَةِ مَسَاجِدَ: الْمَسْجِدُ الْحَرَامُ، وَالْمَسْجِدُ الْأَقْصَى، وَمَسْجِدِي هَذَا».**

**مەنىسى:**

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«يىراق – تاقلار پەقەت مۇنۇ ئۈچ مەسجىدكىلا تېڭىلىدۇ: بىرىنچىسى، مەسجىدى ھەرەم؛ ئىككىنچىسى، مەسجىدى ئەقسا؛ ئۈچىنچىسى، مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى مۇشۇ مەسجىدىم»**[1].

**شەرھىسى:**

تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ، ئىبادەت نىيىتى بىلەن سەپەر قىلىش ئۈچ مەسجىدتىن باشقا يەرگە جائىز ئەمەس. بىرىنچىسى، ئاللاھنىڭ رۇخسىتى ۋە بۇيرۇقى بىلەن داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان بەيتۇلمەقدىس مەسجىدىدۇر. ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان مەككە مۇكەررەمەدىكى بەيتۇللاھتۇر. ئۈچىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سېلىنغان، قۇرئان كەرىمدە ﴿لَمَسْجِدٌ أُسِّسَ عَلَى التَّقْوَى مِنْ أَوَّلِ يَوْمٍ أَحَقُّ أَنْ تَقُومَ فِيهِ﴾ ﴿بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر﴾[2] دەپ ماختالغان مەدىنە

[1] «ئىبنى ھىببان»، 1631 ـ ھەدىس؛ بۇ ھەدىسنىڭ ۋارىيانتلىرى باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ كەلگەن: «بۇخارىي»، 1197 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 827 ـ ھەدىس.

[2] «تەۋبە»: 108 ـ ئايەت.

مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىدۇر. بۇلاردىن باشقا مەسجىدلەرنى زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىش نىيىتىدە يوق ـ تاق ۋە ئۇلاغلار بىلەن سەپەر قىلىش بىدئەت ۋە يولدىن ئازغانلىقتۇر. ئاشۇ بىدئەت ۋە ئازغۇن سەپەرنىڭ جۈملىسىدىن غەربىي تۈركىستاندىكى خوجا ئەھمەد يەسەۋى رەھىمەھۇللاھنىڭ مازىرىغا ۋە ئۇنىڭ مەسجىدىگە ئىبادەت ۋە تاۋاپ نىيىتى بىلەن بېرىش، قەشقەردىكى ئاپاق خوجىنىڭ قەبرىسىگە تاۋاپ نىيىتى بىلەن، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ بېرىش، خوتەندىكى ئىمام جەئفىرى سادىق مازىرىغا تاۋاپ نىيىتى بىلەن بېرىش بىدئەت ۋە زالالەت، ئاشۇ مازاردىكىلەر بىزگە مەدەت قىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر. مۇسۇلمانلار مۇشۇنداق بىدئەت ۋە ئازغۇن ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىپ، يالغۇز ئاللاھتىن مەدەت سورىشى پەرزدۇر. مەدەت بەرگۈچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى، بەندىلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى زات يالغۇز ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھتىن باشقا كىشىدىن مەدەت تىلەش شېرىكتۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىسى يوق، بەلكى زىيانلىق ئىشتۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مازاردىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى بىزدەك مۇئمىنلەر بولۇپ، ھېچنېمىگە كۈچى يەتمەيدىغان ئاجىز مەخلۇقلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلدۇرالىسا چوڭ ئىش بولۇپ، ئالىي نىشانغا يەتكەن بولىدۇ. مازاردىكىلەردىن بەزىلىرى ئۆزىمۇ ئىسلامدىن ئېزىپ كەتكەن، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرغان ئاسىيلاردۇر. تۈرك يۇرتىنى، تۈرك ۋەتىنىنى كاپىرلارغا ساتقان، مىللەتنىڭ ئەرلىرىنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا ئىشكەل سېلىپ كاپىرلارغا تاپشۇرغان، مىللەتنى ھالاك قىلغان زالىملاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئېغىر جىنايەتلىرىنى كەچۈرۈم قىلسا، شۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاللاھنىڭ كاتتا ئىلتىپاتىدۇر.

توققۇزىنچى باب

## دۇئا ۋە ئىستىغپار توغرىسىدا

**1. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «ادْعُوا اللّٰهَ وَأَنْتُمْ مُوقِنُونَ بِالإِجَابَةِ، وَاعْلَمُوا أَنَّ اللّٰهَ لَا يَسْتَجِيبُ دُعَاءً مِنْ قَلْبٍ غَافِلٍ لَاهٍ».**

**مەنىسى:**

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«(دۇئا قىلغاندا) ئاللاھ تائالانىڭ ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىڭلار! شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا قولى دۇئادا، قەلبى باشقا يەردە بولغان غاپىل كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

دۇئا قىلغان ۋاقىتىڭلاردا «دۇئايىمنى ئاللاھ تائالا ئىجابەت قىلارمۇ ـ قىلماسمۇ؟» دېگەن گۇمان بىلەن قىلماڭلار. بەلكى دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش شەرتلىرىگە رىئايە قىلىپ، سەۋەبلىرىنى تولۇق قىلغاندىن كېيىن دۇئا قىلىڭلار.

بۇ ئالەم سەۋەب ئالىمى بولغاچقا، قولدىن كېلىشىچە سەۋەبلەرنى تولۇق قىلماي، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش شەرتلىرىنى بەجا

[1] «تىرمىزىي»، 3479 ـ ھەدىس.

كەلتۈرمەي تۇرۇپ: «دۇئا قىلدىم، خۇدايىم ئىجابەت قىلمىدى» دەپ خاپا بولۇش توغرا بولمايدۇ.

دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش شەرتلىرى بار:

1. بەدەننى پاكلاش.

2. يېگەن رىزىق ھالال ۋە پاك بولۇش.

3. دۇئا قىلىپ ئاللاھتىن تىلىگەن ئىش تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولۇش.

4. قەلب ئاللاھنى ئەسلەشتىن غاپىل بولماسلىقتۇر.

ناۋادا مەزكۇر شەرتلەر تېپىلسا، ئاللاھ تائالا دۇئانى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ. چۈنكى، تەبىئەت ئالىمى بىلەن ئەمر ئالىمىنىڭ مۇناسىۋىتى بار. بىر بەندىدە مۇشۇ شەرتلەر تېپىلغاندىن كېيىن، دىققىتىنى يىغىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ دۇئا قىلسا، بەندىنىڭ روھى بىز بىلمەيدىغان ئەمر ئالىمگە سوزۇلۇپ، مەنىۋى سەۋەبلەرگە تەسىر قىلىدۇ، مەنىۋى سەۋەبلەر ماددىي سەۋەبلەرگە تەسىر قىلىپ، مۇراد ـ مەقسەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا سەۋەب بولىدۇ، خۇددى ماگنىت تۆمۈرنى تارتقاندەك، مۇئمىننىڭ روھى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن مەقسەت ۋە تىلەكنىڭ قولغا كېلىشىنى تارتىپ ئەكېلىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەرتلەر تېپىلمىغۇچە دۇئا مەقبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، بەدەننىڭ دىلغا، تەننىڭ جانغا تەسىرى بار. بەدەن پاك بولمىسا، دىل پاك بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پاك نەرسىنى ۋە پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۈچىنچى شەرت تېپىلمىغۇچە دۇئا مەقبۇل بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئالەم سەۋەب ئالەمىدۇر. ھەرقانداق ئىش سەۋەبكە باغلىق بولۇپ، مۇئەييەن ئىنتىزام بىلەن يارىتىلغان. شۇڭا، تەلەپ قىلىنغان نەرسە ئەمەلىيەتتە مۇمكىن بولىدىغان نەرسە بولۇشى لازىم. ئەمەلىيەتتە بولمايدىغان ئىشنى تىلەپ دۇئا قىلسا، ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ. ﴿وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللّٰهِ تَبْدِيلًا﴾ (ئاللاھنىڭ تۇتقان

يولـدا ھېچقانـداق ئۆزگـىرىـش تاپالمايسـەن﴾[1]. مەسـىلەن، ئاللاھتىـن بىـر قـارا تاشـنى ئالتـۇن قىلىـپ بېرىشـنى تىلىسـە، مەقبـۇل بولمايـدۇ، چۈنكـى قـارا تاشـنى ئالتـۇن قىلىـش ئاللاھقـا ئاسـان بولغـان بىلـەن، تەبىئـەت قانۇنىيىتىگـە خىلاپتـۇر. ئۇلـۇغ ئالـلاھ ئـۆزى ئورناتقـان تەبىئـەت قانۇنىغـا خىـلاپ ئىـش قىلمايـدۇ. نـاۋادا ئۇنـداق ئىشـنى قىلسـا، بـۇ ئىـش «خارىقۇلئـادە (ئادەتتىـن تاشـقىرى)» بولغاچقـا، ئـۇ مۆجىـزە ياكـى كارامـەت ھېسـابلىنىدۇ. تۆتىنچـى شـەرت تېپىلمىغۇچـە دۇئـا ئىجابـەت بولمايـدۇ. چۈنكـى، دىـل ئاللاھتىـن غاپىـل بولسـا، ئاللاھنـى ئەسـلەش كۈچـى ھاسـىل قىلمىسـا، تىلەكنـى ئاللاھنىـڭ دەرگاھىدىـن تارتىـپ ئەكېلىـش ئۈچـۈن روھانىـي كـۈچ تېپىلمايـدۇ. روھانىـي قۇۋۋەتنىـڭ قولغـا كېلىشـى ئۈچـۈن مۇئمىنىنىـڭ دىلـى داۋاملىـق ئاللاھنـى ئەسـلەش بىلـەن نۇرلىنىـپ، روھـى كۈچىيىشـى لازىـم.

[1] «ئەھزاب»: 62 ـ ئايەت.

**2. عَنْ أَبِي مَالِكٍ الْأَشْعَرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّٰى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا وَلَجَ الرَّجُلُ بَيْتَهُ، فَلْيَقُلْ: اللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَ الْمَوْلَجِ، وَخَيْرَ الْمَخْرَجِ، بِسْمِ اللّٰهِ وَلَجْنَا، وَبِسْمِ اللّٰهِ خَرَجْنَا، وَعَلَى اللّٰهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا، ثُمَّ لِيُسَلِّمْ عَلَى أَهْلِهِ».**

**مەنىسى:**

2. ئەبۇ مالىك ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**بىر كىشى ئۆيىگە كىرمەكچى بولسا، ‹ئى ئاللاھ! سەندىن كىرىدىغان جاي بىلەن چىقىدىغان جايىنىڭ ياخشىسىنى سورايمەن. ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىرىپ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمىز. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭىلا تەۋەككۇل قىلدۇق› دېگەن دۇئانى ئوقۇسۇن. ئاندىن ئائىلىسىگە سالام قىلسۇن**»[1].

**شەرھىسى:**

رەسۇلۇللاھ ئۆگەتكەن مۇشۇ دۇئانىڭ مەنىسىنى بىلىپ، ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئەرەبچە ئىبارىسىنى ئوقۇپ دۇئا قىلسا بولىدۇ.

---

[1] «ئەبۇ داۋۇد»، 5096 ـ ھەدىس.

3. عُثْمَانَ بْنَ عَفَّانَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «مَا مِنْ عَبْدٍ يَقُولُ فِي صَبَاحِ كُلِّ يَوْمٍ، وَمَسَاءِ كُلِّ لَيْلَةٍ: بِاسْمِ اللَّهِ الَّذِي لَا يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ، وَلَا فِي السَّمَاءِ، وَهُوَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ، ثَلَاثَ مَرَّاتٍ فَيَضُرُّهُ شَيْءٌ».

**مەنىسى:**

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«بىر بەندە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئۈچ قېتىم: ‹ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەرقانداق زىيانداشنىڭ زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن قوغدىنىمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە بىلگۈچى زاتتۇر› دېگەن دۇئانى ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»**[1].

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 1895 ـ ھەدىس.

**4. عَنْ أَبِي سَعِيدٍ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مَنْ قَالَ حِينَ يَأْوِي إِلَى فِرَاشِهِ: أَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الحَيَّ القَيُّومَ وَأَتُوبُ إِلَيْهِ، ثَلَاثَ مَرَّاتٍ، غَفَرَ اللّٰهُ ذُنُوبَهُ وَإِنْ كَانَتْ مِثْلَ زَبَدِ البَحْرِ، وَإِنْ كَانَتْ عَدَدَ وَرَقِ الشَّجَرِ، وَإِنْ كَانَتْ عَدَدَ رَمْلِ عَالِجٍ، وَإِنْ كَانَتْ عَدَدَ أَيَّامِ الدُّنْيَا».**

**مەنىسى:**

4. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى يوتقانغا كىرگەن چاغدا ئۈچ قېتىم: ‹ئۇلۇغ ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەنكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممە ئىشنى ئىدارە قىلغۇچىدۇر. مەن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمەن› دېگەن دۇئانى ئوقۇسا، (گەرچە ئۇنىڭ گۇناھلىرى) دېڭىزنىڭ كۆپۈكلىرىدەك، دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنىڭ سانىدەك، ئالىج قۇملۇقىدىكى قۇملارنىڭ سانىدەك، دۇنيانىڭ كۈنلىرىنىڭ سانىدەك كۆپ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

بىر كىشى ھەر كۈنى كېچىسى خالىس نىيەت بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ، مەزكۇر دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ، ھەممە گۇناھىدىن پۇشايمان قىلىپ يېتىپ، ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسە، گۇناھلىرى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

[1] «تىرمىزىي»، 3397 - ھەدىس.

**5. عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ قَالَ: شَكَا خَالِدُ بْنُ الوَلِيدِ المَخْزُومِيُّ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَنَامُ اللَّيْلَ مِنَ الأَرَقِ، فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا أَوَيْتَ إِلَى فِرَاشِكَ فَقُلْ: اللَّهُمَّ رَبَّ السَّمَوَاتِ السَّبْعِ وَمَا أَظَلَّتْ، وَرَبَّ الأَرَضِينَ وَمَا أَقَلَّتْ، وَرَبَّ الشَّيَاطِينِ وَمَا أَضَلَّتْ، كُنْ لِي جَارًا مِنْ شَرِّ خَلْقِكَ كُلِّهِمْ جَمِيعًا أَنْ يَفْرُطَ عَلَيَّ أَحَدٌ مِنْهُمْ أَوْ أَنْ يَبْغِيَ، عَزَّ جَارُكَ، وَجَلَّ ثَنَاؤُكَ، وَلَا إِلَهَ غَيْرُكَ، وَلَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ».**

**مەنىسى:**

5. سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**خالىد ئىبنى ۋەلىد مەخزۇمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:**

**- ئى رەسۇلۇللاھ! كېچىسى ئۇيقۇم قېچىپ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم، - دەپ شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**- ئۇنداقتا، ياتىدىغان جايىڭغا بارغىنىڭدا: ‹ئى يەتتە قات ئاسماننىڭ ۋە يەتتە ئاسمان سايە تاشلىغان پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ، قاتمۇقات زېمىننىڭ ۋە زېمىن كۆتۈرۈپ تۇرغان پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ، بارلىق جىن – شەيتانلارنىڭ ۋە شەيتانلار يولدىن چىقارغان ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! مېنى ئۆزۈڭ ھىمايە قىلغىن! بارلىق مەخلۇقلىرىڭدىن بىرەرسىنىڭ ماڭا يامانلىق قىلىشىدىن ياكى زۇلۇم قىلىشىدىن مېنى ساقلىغىن! ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ پاناھلىقىڭ بۈيۈكتۇر، مەدھىيەڭ كاتتىدۇر، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سەندىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر› دېگەن دۇئانى ئوقۇغىن! - دېدى»[1].**

[1] «تىرمىزىي»، 3523 - ھەدىس.

6. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «لَوْ أَنَّ أَحَدَهُمْ إِذَا أَرَادَ أَنْ يَأْتِيَ أَهْلَهُ قَالَ: بِاسْمِ اللّٰهِ، اللَّهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ، وَجَنِّبِ الشَّيْطَانَ مَا رَزَقْتَنَا، فَإِنَّهُ إِنْ يُقَدَّرْ بَيْنَهُمَا وَلَدٌ فِي ذَلِكَ لَمْ يَضُرَّهُ شَيْطَانٌ أَبَدًا».

مەنىسى:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ناۋادا بىرىڭلار ئايالى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، (يېقىن كېلىشتىن بۇرۇن): ‹ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئى ئاللاھ! بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن، بىزگە ئاتا قىلىدىغان بالىدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن!› دەپ دۇئا قىلسا ۋە شۇ جىمادا ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ ئىككىيلەنگە بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلىنغان بولسا، ئۇ بالىغا شەيتان ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»**[1].

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 141 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1434 ـ ھەدىس.

**7. عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ قَالَتْ مَا خَرَجَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ بَيْتِي قَطُّ إِلَّا رَفَعَ طَرْفَهُ إِلَى السَّمَاءِ فَقَالَ: «اللَّهُمَّ أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَضِلَّ، أَوْ أُضَلَّ، أَوْ أَزِلَّ، أَوْ أُزَلَّ، أَوْ أَظْلِمَ، أَوْ أُظْلَمَ، أَوْ أَجْهَلَ، أَوْ يُجْهَلَ عَلَيَّ».**

**مەنىسى:**

7. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيۈمدىن چىقسىلا ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ: ‹ئى ئاللاھ! باشقىلارنى ئازدۇرۇپ سېلىشتىن ياكى ئۆزۈم ئازدۇرۇلۇپ كېتىشتىن، باشقىلارنى يولدىن چىقىرىپ سېلىشتىن ياكى ئۆزۈم يولدىن چىقىرىلىشتىن، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ سېلىشتىن ياكى ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلىنىشىدىن، ئۆزۈم بىلمەسلىك قىلىپ سېلىشتىن ياكى باشقىلارنىڭ ماڭا بىلمەسلىك قىلىشىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن›»**[1].

[1] «ئەبۇ داۋۇد»، 5094 ـ ھەدىس.

**8. عَنْ خَوْلَةَ بِنْتِ حَكِيمٍ السُّلَمِيَّةِ عَنْ رَسُولِ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مَنْ نَزَلَ مَنْزِلًا ثُمَّ قَالَ: أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ، لَمْ يَضُرَّهُ شَيْءٌ حَتَّى يَرْتَحِلَ مِنْ مَنْزِلِهِ ذَلِكَ».**

**مەنىسى:**

8. خەۋلە بىنتى ھەكىم سۇلەمىيەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى بىر جايغا چۈشكۈن قىلغان چاغدا: ‹ئاللاھنىڭ مۇكەممەل كەلىمىلىرىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئاللاھ ياراتقان ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن› دەپ دۇئا قىلسا، شۇ جايدىن كېتىپ بولغۇچە، ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»**[1].

[1] «تىرمىزىي»، 3437 ـ ھەدىس.

9. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِنَّ الْمُؤْمِنَ إِذَا أَذْنَبَ ذَنْبًا كَانَتْ نُكْتَةً سَوْدَاءَ فِي قَلْبِهِ، فَإِنْ تَابَ وَنَزَعَ وَاسْتَغْفَرَ صقِلَ مِنْهَا قَلْبُهُ، وَإِنْ زَادَ زَادَتْ حَتَّى يَعْلَقَ بِهَا قَلْبُهُ فَذَلِكَ الرَّانُ الَّذِي ذَكَرَ اللهُ فِي كِتَابِهِ ﴿كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾».

مەنىسى:

9. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**مۇئمىن كىشى بىر گۇناھ قىلسا، دىلىغا بىر قارا چېكىت قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ تەۋبە قىلىپ، گۇناھنى تاشلاپ، ئىستىغپار ئېيتسا، قەلبى پارقىرايدۇ. ناۋادا گۇناھنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، قارا چېكىت كۆپىيىپ، دىلىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا:** ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾[1] **دېگەن سۆزىدە زىكىر قىلغان دىلنىڭ قارىيىپ كېتىشىمۇ مانا مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان**»[2].

شەرھىسى:

بىلىش كېرەككى، قەلب دېگەن روھانىي ئەينەكتۇر. ئىنسانىي سۆزلىتىدىغان ئىنسانىي روھ قەلب بىلەن بىللە بىلىمنى، توغرا تونۇشنى ۋە نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ دىلىغا كەسپىي ياكى زۆرۈرىي ھالدا ئاللاھ تەرىپىدىن مەنىلەر سىزىلىدۇ ۋە بۇ «ئاللاھتىن كەلگەن ئىلھام» دېيىلىدۇ. بەزى چاغلاردا دىلغا غەيبىي ئالەمدىن مەنىلەر ئېچىلىدۇ ۋە بۇ «كەشپىي بىلىم» دېيىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، روھنى بىئارام قىلىدىغان خىياللاردىن

[1] «مۇتەففىفىن»، 14 ـ ئايەت.

[2] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 3908 ـ ھەدىس.

دىل پاك بولۇشى يەنى ماددىي ۋە دۇنيالىق ئىشلاردىن ھاسىل بولىدىغان غەم ـ غۇسسىلەر ۋە مۇشۇ ھەدىستە زىكىر قىلىنغان قارا چېكىتلەر بولماسلىقى لازىم. قىسقىسى، كۆڭۈل بىر ئەينەك، لەۋھۇلمەھفۇزمۇ بىر ئۇلۇغ ئەينەك مىسالىدۇر (ئالەمنىڭ ئەينىكىدۇر). ئەگەر كۆڭۈل بىلەن لەۋھۇلمەھفۇز ئارىسىدا پەردە بولمىسا ئىدى، ماددىي ئالەم بىلەن ئەمر ئالىمىدىكى ھەممە نەرسە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىككى ئەينەك ئۇدۇلمۇئۇدۇل قويۇلغاندا بىرىدىكى سۈرەت ۋە شەكىللەر يەنە بىرىگە چۈشكەندەك، لەۋھۇلمەھفۇز ئەينىكىدىكى مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى بىر قىسمىنىڭ شولىسى كۆڭۈلدىن ئىبارەت ئەينەككە چۈشۈپ تۇرار ئىدى يەنى بەندە غەيبنى بىلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئاللاھنىڭ تەدبىرى بىلەن كۆڭۈلدىن ئىبارەت ئەينەك بىلەن لەۋھۇلمەھفۇز ئارىسىغا توسالغۇ (پەردە) قويۇلغان. شۇ پەردىلەر لەۋھۇلمەھفۇزدىكى مەنىلەرنىڭ شولىسى (سۈرىتى) نىڭ دىل ئەينىكىگە چۈشۈشىگە توسالغۇ بولىدۇ. ئەمما، بەزىدە بەندىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى، تونۇشى، ئەسلىشى سەۋەبىدىن دىلدا بىر ھەرىكەت بارلىققا كېلىدۇ؛ قەلبنىڭ قاتتىق ھەرىكەتلىنىشى ۋە دۇنيالىق خىياللاردىن تازىلىنىشى بىلەن پەردە كۆتۈرۈلۈپ، لەۋھۇلمەھفۇزدىن مەنىلەر كۆڭۈل ئەينىكىگە چۈشىدۇ يەنى غەيب ئىشلاردىن خەۋەردار بولىدۇ. بىز بۇنى كەشپ دەيمىز. بەزىدە كەشپ دەرىجىسىگە يېتەلمىگەندە، پەرىشتە ئارقىلىق كۆڭۈلگە بەزى مەنىلەر چۈشىدۇ ۋە بۇ «ئىلھام» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر گۇناھ سەۋەبىدىن دىلدا قارىلىق پەيدا بولسا (ئاللاھ ساقلىسۇن)، دىل توغرا يولنىڭ يورۇقلۇقىنى قوبۇل قىلالمايدۇ ھەم پەردە كۆتۈرۈلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئمىن ئادەم ھەمىشە ئاللاھنى ياد ئېتىپ، گۇناھلىرىدىن تەۋبە قىلىپ تۇرۇشى لازىم.

**10. عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ لَا أَقُولُ لَكُمْ إِلَّا كَمَا كَانَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: كَانَ يَقُولُ: «اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَالْهَرَمِ وَعَذَابِ الْقَبْرِ، اللّٰهُمَّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا، وَزَكِّهَا أَنْتَ خَيْرُ مَنْ زَكَّاهَا، أَنْتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلَاهَا، اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لَا يَنْفَعُ، وَمِنْ قَلْبٍ لَا يَخْشَعُ، وَمِنْ نَفْسٍ لَا تَشْبَعُ، وَمِنْ دَعْوَةٍ لَا يُسْتَجَابُ لَهَا». «اللّٰهُمَّ أَلْهِمْنِي رُشْدِي، وَأَعِذْنِي مِنْ شَرِّ نَفْسِي».**

**مەنىسى:**

10. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سىلەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە دېگەن بولسا، شۇنى دەيمەن. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن ئىدى: **«ئى ئاللاھ! مەن ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، قېرىغاندا خارلىققا قېلىشتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن، ئۇنى پاكلىغىن، ئۇنى يالغۇز سەنلا ئەڭ ياخشى پاكلايسەن، سەن ئۇنىڭ يېگانە ئىگىسىدۇرسەن. ئى ئاللاھ! مەنپەئەتسىز ئىلىمدىن، قورقماس قەلبتىن، تويماس نەپستىن، قوبۇل بولماس دۇئادىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»**[1]؛ **«ئى ئاللاھ! ماڭا توغرا يولنى ئىلھام قىلغىن، مېنى نەپسىمنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن!»**[2].

**شەرھىسى:**

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەكىمى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىز ئۈممىتىگە ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇشۇ دۇئانى قىلغان.

---

[1] «مۇسلىم»، 2722 ـ ھەدىس.

[2] «تىرمىزىي»، 3483 ـ ھەدىس.

HAK
HAKSEVER

بەشىنچى باب

# ئاتا – ئانىلارنىڭ ھەقلىرى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا

**1. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَا مِنْ وَلَدٍ بَارٍّ يَنْظُرُ إِلَى وَالِدَيْهِ نَظْرَةَ رَحْمَةٍ إِلَّا كَتَبَ اللّٰهُ بِكُلِّ نَظْرَةٍ حَجَّةً مَبْرُورَةً، قَالُوا: وَإِنْ نَظَرَ إِلَيْهَا كُلَّ يَوْمٍ مِائَةَ مَرَّةٍ؟ قَالَ: نَعَمْ، اللّٰهُ أَكْبَرُ وَأَطْيَبُ».**

**مەنىسى:**

1. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بىر ياخشى بالا ئاتا – ئانىسىغا مېھرىبانلىق كۆزى بىلەن قارايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھەربىر قارىغىنىغا مەقبۇل بىر ھەجنىڭ ساۋابىنى يازىدۇ. ساھابىلەر:**

**- ناۋادا ھەر كۈنى ئاتا – ئانىسىغا يۈز قېتىم قارىسىمۇ (شۇنداق يازامدۇ)؟ - دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**- ھەئە، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ھەرقانداق كەمچىلىكتىن پاكتۇر، - دەپ جاۋاب بەردى»**[1].

**شەرھىسى:**

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 45535 - ھەدىس؛ بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 7475 - ھەدىس.

ئىنسانىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى ھەم بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغۇچى ئاتا ـ ئانىسىدۇر. ئۇلارنىڭ جاپالىق تەربىيەسىگە، مېھىر ـ شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقىغا مىننەتدار بولۇش، ئۇلارنى ھايات ۋاقتىدا ھۆرمەت قىلىش، ۋاپات بولغاندا ياخشى دۇئالارنى قىلىش شەرىئەتنىڭ يوليورۇقلىرىغا، ئەقلىنىڭ كۆرسەتمىسىگە تامامەن ئۇيغۇن ۋە زۆرۈر ئىشتۇر.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**2. عَنِ ابْنِ عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ يَقُولُ: «إِنّ مِنْ أَبَرِّ الْبِرِّ صِلَةَ الرّجُلِ أَهْلَ وُدِّ أَبِيهِ بَعْدَ أَنْ يُوَلِّيَ».**

**مەنىسى:**

2. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«بىر بالىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىشى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىشتۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

ئاتا - ئانىنىڭ دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلىش، سىلە - رەھىم قىلىش، بالىچاقىلىرىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۆز دادىسىنى ھۆرمەتلىگەنلىك ۋە ئاتا - ئانىسىنى ياخشىلىق بىلەن ياد ئەتكەنلىك بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق قېرىنداشلىق كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا - ئانىنىڭ دوستلىرىنى تاشلىۋېتىش ياخشى ئىش ئەمەس. بەلكى، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، قېرىنداشلىقنى ۋە دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم. ئاتا - ئانىنىڭ جىنازىسىنىڭ ئارقىسىدىن «ۋاي دادام! ۋاي ئانام!» دەپ ئېيشەكتەك ھاڭراپ، جاھاننى بېشىغا كىيىپ مېڭىش ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلىگەنلىك بولمايدۇ، بەلكى ئاتا - ئانىنىڭ دوستلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئاتا - ئانىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش، ھەمىشە ئۇلارنىڭ روھىغا ياخشى دۇئا قىلىش بىلەن بولىدۇ.

---

[1] بەغەۋىي: «شەرھۇسسۇننە»، 3445 - ھەدىس؛ بۇ ھەدىس باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ كەلگەن: «ئەبۇ داۋۇد»، 5145 - ھەدىس.

3. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ: «مَاتَتْ زَيْنَبُ بِنْتُ رَسُولِ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَبَكَتِ النِّسَاء فَجعل عُمَرُ يَضْرِبُهُنّ بِسَوْطِهِ فَأَخَّرَهُ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِيَدِهِ وَقَالَ: مهلا يَا عمر ثُمّ قَالَ: إِيّاكُنّ وَنَعِيقَ الشَّيْطَانِ ثُمّ قَالَ: إِنّهُ مَهْمَا كَانَ مِنَ الْعَيْنِ وَمِنَ الْقَلْبِ فَمِنَ اللّٰهِ عَزّ وَجَلّ وَمِنَ الرّحْمَةِ وَمَا كَانَ مِنَ الْيَدِ وَمِنَ اللِّسَانِ فَمِنَ الشَّيْطَانِ».

مەنىسى:

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندا ئاياللار يىغلاشقا باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى قامچىسى بىلەن ئۇرماقچى بولۇۋېدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنى قولى بىلەن ئارقىسىغا ياندۇرۇپ: توختا، ئى ئۆمەر! دېگەندىن كېيىن، ئاياللارغا: سىلەر شەيتاندەك ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاشتىن ساقلىنىڭلار! دېدى. ئاندىن: ‹كۆز بىلەن قەلبتىن كەلگەن يىغا ئاللاھ تەرىپىدىن ۋە رەھمەت سەۋەبىدىن كېلىدۇ. ئەمما، قول بىلەن تىلدىن كەلگەن يىغا شەيتاندىندۇر› دېدى»**[1].

شەرھىسى:

شەرىئەتتە ناتوغرا ئىش قىلغان ئادەمنىمۇ گەپ قىلمايلا بېرىپ ئۇرۇش ياخشى ئىش ئەمەس. ئاۋۋال شۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. يەنە ئۇنىمىسا، ئاندىن ئۇرۇشقا بولىدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل جاھانغا رەھمەت بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «توختا، ئى ئۆمەر!» دېگەن ھەمدە ئاياللارغا ئۆلگەنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن سېلىپ يىغلاشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كايىغاندىن كېيىن، ئۆلۈك ئۈچۈن يۈرەكنىڭ ئازابلىنىشى

[1] تەبرىزىي: «مىشكاتۇل مەسابىيھ»، 1748 ـ ھەدىس.

ۋە ياش تۆكۈشنىڭ رەھمەت ئىكەنلىكىنى؛ ئەمما، «ۋاي دادام! ۋاي ئاچام!» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاش ۋە يۈزىگە كاچاتلاشنىڭ شەيتاندىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ: «شۇنىڭغا ئوخشاش مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن تووۋلاپ يىغلىماڭلار!» دەپ ئەسكەرتكەن.

ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك قىزى ۋاپات بولغاندا يىغلىغان ئاياللارنى ئادالەت ئۇستازى، ھەققانىيەت قەھرىمانى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قامچا بىلەن ئۇرۇشقا تەمشەلگەن تۇرسا؛ شەرئەتتە ئۈن سېلىپ يىغلاش ئىنتايىن قەبىھ قىلمىش بولغاچقا، مېيىتنىڭ ئارقىسىدىن ئۈن سېلىپ يىغلاش ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولماي، ئاللاھقا قارشى جېدەل قىلغانلىق ھېسابلىنىپ، ئاياللارغا شۇنداق قاتتىق مۇئامىلە قىلىنغان تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە رازى بولماستىن ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ھازا تۇتۇپ، ۋارقىراپ، ئاللاھ تائالاغا قارشى جېدەل قىلىشىنىڭلار توغرۇلۇق نېمە دەيسىلەر؟ «من لم يرض بقضائي، ولم يصبر على بلائي، فليطلب به ربا سواي» «كىمكى مېنىڭ قازايى قەدەرىمگە رازى بولمايدىكەن، بالا ـ قازايىمغا سەۋر قىلمايدىكەن، مەندىن باشقا پەرۋەردىگار ئىزدىسۇن!»[1] دېگەن ئاللاھنىڭ سۆزى توغرىسىدا نېمە دەيسىلەر؟ بولۇپمۇ دىنىي ئۆلىمالار نېمە دەيسىلەر؟ «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئادەتلەر نۇرلۇق شەرىئىتىمىزدە دۇرۇس بولمايدۇ» دەپ پەتىۋا چىقارساڭلار ياكى يامان ئىشتىن باشقىلارنى توسۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىسىڭلارغا ئەكېلىپ، ئۆز جەمەتىڭلارنى بۇنداق قەبىھ قىلمىشتىن توسساڭلار بولمامدۇ؟

[1] كەلابازىي: «مىفتاھۇ مەئانىل ئاسار»، 613 ـ بەت.

**4. عن أنس بن مالك رضي اللهُ عنه قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم: «الجنة تحت أقدام الأمهات».**

**مەنىسى:**

4. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«جەننەت ئانىلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىدۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

ئاناڭنىڭ ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپ، خىزمىتىنى قىلىپ، ئاناڭنى رازى قىلساڭ، جەننەتنى تاپىسەن دېگەنلىكتۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئانا بولغۇچى بالىسىغا كىچىك چېغىدا، ئالدىدا ئۇيناپ يۈرگەندە دىنىي ۋە مىللىي تەربىيە بېرىپ دىنىغا خىزمەت قىلىدىغان، مىللىتىنى قوغدايدىغان روھقا ئىگە يېتىشتۈرۈپ قويسا، شۇ بالا جەننەتنى تاپىدۇ دېگەنلىكتۇر.

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئانا بولغۇچىلار بىلىملىك، توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشى لازىم. بالىلىرىغا نارەسىدە چېغىدىن تارتىپ ئىسلام دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگىتىشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ دىنى، قەدىرلىك ۋە شەرەپلىك دىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى، ئادەم بالىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان بىردىنبىر ھەق دىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك. يەنە ئىسلام دىنى بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ ناھايىتى شەرەپلىك ۋەزىپىلەر بولۇپ، ھەممىنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشنىڭ لازىملىقىنى، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىرگە كىچىكىدىن باشلاپ ئىبادەتكە ئادەتلەندۈرۈشى لازىم. يەنە ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ

[1] قەۋامۇسسۇننە: «تەرغىب ۋە تەرھىب»، 447 ـ ھەدىس.

ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، ھۆرمەت قىلدۇرۇپ، ئەيمەندۇرۇپ كۆندۇرۇشى كېرەك. «نۇر» سۈرىسىدە كۆرسىتىلگەندەك، بالىلارنىڭ ياتىقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ياتىقىدىن باشقا بولۇپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا رۇخسەت سوراپ كىرىشكە ئادەتلەنسە، ئۇ چاغدا بالىلارنىڭ ئالدىدا ئاتا ـ ئانىدىن ھۆرمەتلىك ئادەم بولمىغانلىقتىن، بۇ ئىش بالىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

5. عَنِ المُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّ اللّٰهَ حَرَّمَ عَلَيْكُمْ عُقُوقَ الأُمَّهَاتِ، وَوَأْدَ البَنَاتِ، وَمَنَعَ وَهَاتِ، وَكَرِهَ لَكُمْ قِيلَ وَقَالَ، وَكَثْرَةَ السُّؤَالِ، وَإِضَاعَةَ المَالِ».

مەنىسى:

5. مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاتا – ئاناڭلارنى قاقشىتىشنى، قىزلىرىڭلارنى تىرىك كۆمۈشنى، باشقىلارغا بەرمەستىن، ھەر دائىم باشقىلاردىن تىلەشنى ھارام قىلدى. ئاساسى يوق ياكى ئاساسى بولسىمۇ پايدىسىز سۆزلەرنى قىلىشنى، كۆپ نەرسە تىلەشنى ۋە مال – مۈلۈكنى بۇزۇپ – چېچىشنى مەكرۇھ قىلدى»**[1].

شەرھىسى:

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن، قىز بالا تۇغۇلسا، ئەرەبلەر قىزلىرىنى ئەرگە بېرىشتىن نومۇس قىلىپ تىرىك كۆمۈۋېتەتتى. بۇ ئىشنى ئەرەب تىلىدا «وأد (كۆمۈش)» دېيىلىدۇ، كۆمۈلگەن قىزنى «موءودة (كۆمۈلگەن)» دېيىلىدۇ. ئىسلام بۇ ئىشنى ھارام قىلدى. مۇئمىنىنىڭ قىلغان ئىشى ياكى سۆزلىگەن سۆزى دۇنيالىقى يا ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق گەپ بولۇشى لازىم. ئەگەر شۇنداق پايدىلىق گەپ قىلالمىسا، مۇئمىن ھەرقانداق ئىشتا جىم يۈرۈپ، بىكار گەپ قىلماي، ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن دىلىنى نۇرلاندۇرۇشى لازىم. ئالتۇندىن قىممەت، ئەتىۋار ئۆمرىنىڭ ھەر مىنۇتىنى پايدىسىز گەپ بىلەن ئۆتكۈزۈش ئەقىلسىزلىقتۇر.

[1] «بۇخارىي»، 2408 ـ ھەدىس.

**6. عن عبد اللّٰه بن عَمرو بن العاص أنه سمعَ رسولَ اللّٰه صلى اللّٰه عليه وسلم يقول: «مِنْ أَكْبَرِ الكَبَائِرِ شَتْمُ الرّجُلِ وَالِدَيْهِ، قالوا: يا رسول اللّٰه وهل يشتُم الرجلُ والدَيه؟! قال: نَعَمْ؛ يَسُبُّ أَبَا الرّجُلِ فَيَسُبُّ أَبَاهُ، ويَسُبُّ أُمّهُ فَيَسُبُّ أُمّهُ».**

**مەنىسى:**

6. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«بىر كىشىنىڭ ئاتا – ئانىسىنى تىللىشى گۇناھى كەبىرىلەردىندۇر. ساھابىلەر:**

**- ئى رەسۇلۇللاھ! ئادەم ئۆز ئاتا – ئانىسىنىمۇ تىللامدۇ؟ - دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**- ھەئە تىللايدۇ، بىراۋ باشقا بىرىنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى بۇنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ، ئۇ يەنە باشقا بىرىنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى بۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا – ئانىسىنى تىللىغان بولىدۇ)»** دەپ جاۋاب بەردى[1].

[1] تەبەرانىي: «مۇئجەمۇل كەبىر»، 14193 - ھەدىس.

**7. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّ الْعَبْدَ لَيَمُوتُ وَالِدَاهُ أَوْ أَحَدُهُمَا، وَإِنَّهُ لَهُمَا لَعَاقٌّ، فَلَا يَزَالُ يَدْعُو لَهُمَا، وَيَسْتَغْفِرُ لَهُمَا حَتَّى يَكْتُبَهُ اللّٰهُ بَارًّا».**

**مەنىسى:**

7. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بىر بەندىنىڭ قاقشاتقان ئاتا – ئانىسى ياكى ئىككىيلەننىڭ بىرى ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئاندىن ئۇ كىشى ئاتا – ئانىسىغا داۋاملىق دۇئا قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىسە، نىھايەت ئۇنى ئاللاھ تائالا ئاتا – ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچىلار قاتارىغا يازىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بىر كىشى قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلالمىغان بولسا، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھەققىدە دۇئا قىلىپ، گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم سورىغان بولسا، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغۇچىلار قاتارىغا يېزىلىدۇ ھەم ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەقبۇل بەندە بولىدۇ.

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 7524 ـ ھەدىس.

**8. عَنْ مُعَاذٍ قَالَ: أَوْصَانِي رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِعَشْرِ كَلِمَاتٍ قَالَ: «لَا تُشْرِكْ بِاللّٰهِ شَيْئًا وَإِنْ قُتِلْتَ وَحُرِّقْتَ، وَلَا تَعُقَّنَّ وَالِدَيْكَ، وَإِنْ أَمَرَاكَ أَنْ تَخْرُجَ مِنْ أَهْلِكَ وَمَالِكَ، وَلَا تَتْرُكَنَّ صَلَاةً مَكْتُوبَةً مُتَعَمِّدًا؛ فَإِنَّ مَنْ تَرَكَ صَلَاةً مَكْتُوبَةً مُتَعَمِّدًا فَقَدْ بَرِئَتْ مِنْهُ ذِمَّةُ اللّٰهِ، وَلَا تَشْرَبَنَّ خَمْرًا؛ فَإِنَّهُ رَأْسُ كُلِّ فَاحِشَةٍ، وَإِيَّاكَ وَالْمَعْصِيَةَ؛ فَإِنَّ بِالْمَعْصِيَةِ حَلَّ سَخَطُ اللّٰهِ عَزَّ وَجَلَّ، وَإِيَّاكَ وَالْفِرَارَ مِنَ الزَّحْفِ وَإِنْ هَلَكَ النَّاسُ، وَإِذَا أَصَابَ النَّاسَ مُوتَانٌ وَأَنْتَ فِيهِمْ فَاثْبُتْ، وَأَنْفِقْ عَلَى عِيَالِكَ مِنْ طَوْلِكَ، وَلَا تَرْفَعْ عَنْهُمْ عَصَاكَ أَدَبًا وَأَخِفْهُمْ فِي اللّٰهِ».**

**مەنىسى:**

8. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئون تۈرلۈك ئىشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن:

**«1. ئۆلتۈرۈلسەڭمۇ، كۆيدۈرۈلسەڭمۇ، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن!**

**2. ئاتا – ئاناڭنى نارازى قىلما! گەرچە ئاتا – ئاناڭ سېنى خوتۇن – بالىلىرىڭدىن، مال – مۈلكۈڭدىن ئايرىلغىن دەپ بۇيرۇسىمۇ ئىتائەت قىلغىن!**

**3. پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتمە! پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتكەن كىشىنى ئاللاھ تائالا ئۆز مۇھاپىزىتىدىن چىقىرىۋېتىدۇ.**

**4. ھاراق ئىچمە! چۈنكى، ھاراق پۈتۈن قەبىھ ئىشلارنىڭ بېشىدۇر.**

**5. گۇناھ – مەسىيەتتىن يىراق تۇر! چۈنكى، گۇناھ – مەسىيەت تۈپەيلى ئاللاھنىڭ غەزىپى ياغىدۇ.**

**6. مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن بېسىپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنىدىن قەتئىي قاچما! گەرچە سەن تەرەپتىكى پۈتۈن ئىنسانلار ئۆلۈپ كەتسىمۇ قاچما!**

**7. سەن بار يەردىكى كىشىلەرگە ۋابا كېسىلى يېتىپ قالسا، ئۇ يەردىن قېچىپ كەتمەي، مەھكەم تۇرغىن!**

**8. ئائىلە – تاۋابىئاتىڭغا قانچىلىك ئىقتىسادىڭ بولسا، شۇنىڭغا لايىق خەجلەپ بەرگىن!**

**9. ئۇلارغا ئەدەپ – ئەخلاق ئۆگىتىش يولىدا ئەدەپ تايىقىڭ بولسۇن!**

**10. ئۇلارنى ئاللاھقا تەقۋادار بولۇشقا ئۈندەپ تۇرغىن!»**[1].

شەرھىسى:

ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي ھەم تۈگىمەس بەخت ـ سائادەت ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمما، ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىمان ۋە تەۋھىد لازىم، شۇنداقلا ئاللاھ تائالاغا باشقا بىرىنى شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. كىمكى ئىمان ۋە تەۋھىد يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، شەكسىز بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ، تۈگىمەس نېمەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈم دېگەن پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كۆچۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆلتۈرۈلسەڭمۇ، كۆيدۈرۈلسەڭمۇ، ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن!» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئاناڭنى نارازى قىلما! گەرچە ئاتا ـ ئاناڭ سېنى خوتۇن ـ بالىلىرىڭدىن، مال ـ مۈلكۈڭدىن ئايرىلغىن دەپ بۇيرۇسىمۇ ئىتائەت قىلغىن!» دېگەن. چۈنكى، ئىنسان ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىدىن ھۆرمەتلىك كىشى يوق. ئاتا ـ ئانىدىن ھۆرمەتلىك زات جانابىي ئاللاھتۇر ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. خوتۇن ـ بالا، مال ـ مۈلۈك دېگەنلەر دۇنيادا تېپىلىدىغان نەرسىلەردۇر. لېكىن، ئاتا ـ ئانىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

[1] «مۇسنەد ئەھمەد»، 22075 ـ ھەدىس.

شۇڭا، ئۇلارنىڭ نازۇك كۆڭۈللىرىنى زەدە قىلىش، ئۇلارغا ئېغىرلىق سېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ھاراق ئىچىش ئەقلى - ھوشى جايىدا، ساغلام تەبىئەتلىك كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان بارلىق پاسكىنا قىلىقلارنىڭ بېشىدۇر. چۈنكى، ھاراق ئەقىلنى بۇلغايدۇ، ئەقىل نۇرى ئۆچكەن ئىنسان ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىۋېرىدۇ.

ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش سېپىدىن قېچىش بولسا پۈتۈن مىللەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلام دىنىنى ۋە مۇسۇلمان مىللەتلەرنى قوغدايدىغان ئۇرۇشتىن قېچىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدىغان سۆزلىرى ۋە ئۇلۇغ ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئەمما، دۈشمەننىڭ مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز مىللىتىگە ۋە دىنىغا پايدىسى يوق ئۇرۇشلاردىن قېچىشى بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنادۇر. ناۋادا شۇ ئۇرۇشلار ھەرقانداق مۇسۇلمان مىللەتكە زىيانلىق بولسا، ئۇنداق ئۇرۇشتىن قېچىش گۇناھ ئەمەس، بەلكى قېچىش زۆرۈردۇر. بۇ مەسىلە «ئال ئىمران» سۈرىسىنىڭ 99 - ئايىتىدە ۋە 148 - ئايىتىدە بايان قىلىنغان. شۇنىڭدەك، ئاتا - ئانىغا بويسۇنۇش مەسىلىسىدىمۇ ئاتا - ئانا بالىسىنى ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىشقا بۇيرۇسا ياكى ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشتىن مەنئى قىلسا، ئۇ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە ئۇنىماسلىقى ئاتا - ئانىسىنى رەنجىتكەن ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى بەندىنى رازى قىلىمەن دەپ ئاللاھنى نارازى قىلىشقا بولمايدۇ.

**9. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «أَكْبَرُ الكَبَائِرِ: الإِشْرَاكُ بِاللهِ، وَقَتْلُ النَّفْسِ، وَعُقُوقُ الوَالِدَيْنِ، وَقَوْلُ الزُّورِ أَوْ قَالَ: وَشَهَادَةُ الزُّورِ».**

**مەنىسى:**

9. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**گۇناھى كەبىرە: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش، يالغان ئېيتىش ياكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلاردۇر**»[1].

**شەرھىسى:**

گۇناھى كەبىرە ــ ئېغىر جازا بېرىلىدىغان گۇناھ دېمەكتۇر. بۇ ئۇلۇغ ھەدىستىكى شېرىكتىن مەقسەت مۇتلەق كۇپۇرلۇقتۇر يەنى ئاللاھ ئىككى ياكى ئۈچ دېيىش گۇناھى كەبىرىدۇر (ئاللاھ ساقلىسۇن). ھەرقانداق مەخلۇقنى ئاللاھقا تەڭ قىلىپ، ئۇلۇغلاش ھەم ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش گۇناھى كەبىرىدۇر، بەلكى بۇ، ئاللاھقا باشقا بىرىنى شېرىك كەلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىرراق گۇناھتۇر، ھەممە كۇپۇرلۇقنىڭ چوڭىدۇر (ئاللاھ ساقلىسۇن).

ئادەم ئۆلتۈرۈش بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پارچىلىنىشىغا، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق ۋە باشباشتاقلىقنىڭ يامرىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ھارام قىلىنغان. ئەمما، قىساس ئۈچۈن قاتىلنى ئۆلتۈرۈش توغرىدۇر. مەسىلەن، بىراۋ بىر كىشىنىڭ ئاتىسىنى، ئانىسىنى ياكى بىرەر تۇغقىنىنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تەرەپدارلىرى ئىسلام شەرئىي مەھكىمىسىگە بېرىپ دەۋا قىلسا ۋە قاتىلنىڭ قەستەن ئۆلتۈرگەنلىكى ئىسپاتلانسا، قازىنىڭ ھۆكمى

[1] «بۇخارىي»، 6871 ـ ھەدىس.

بىلەن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئۆلتۈرۈش شەرىئەتتە توغرىدۇر. چۈنكى، قاتىل ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ھەرگىز ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ. دېمەك، قاتىلدىن قىساس ئېلىش جەمئىيەتكە ئاسايىشلىق كەلتۈرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنۇش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش «قۇرئان»دا بېكىتىلگەن ۋە قەتئىي پەرز قىلىنغان بۇيرۇقتۇر. پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن، بويسۇنۇش «پۈتۈن ئەركىنلىكنى يوقىتىش» دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەدەپلىك، ئىنساپلىق مۇئامىلە قىلىش لازىم؛ ئىسلام دىنىدا رۇخسەت قىلىنمىغان، ئەقىل ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاققا زىت ناچار ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىنىڭ نازۇك كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق لازىم دېگەنلىكتۇر.

10. عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ أُنَيْسٍ الْجُهَنِيِّ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مِنْ أَكْبَرِ الْكَبَائِرِ الْإِشْرَاكُ بِاللّٰهِ وَعُقُوقُ الْوَالِدَيْنِ وَالْيَمِينُ الْغَمُوسُ وَمَا حَلَفَ حَالِفٌ بِاللّٰهِ يَمِينَ صَبْرٍ فَأَدْخَلَ فِيهَا مِثْلَ جَنَاحِ الْبَعُوضَةِ إِلَّا جَعَلَهَا اللّٰهُ نُكْتَةً فِي قَلْبِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ».

مەنىسى:

10. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش ۋە يالغان قەسەم قىلىش قاتارلىق قىلمىشلار گۇناھى كەبىرىلەردىن بولۇپ، بىر كىشى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ باشقا بىرىنىڭ پاشىنىڭ قانىتىچىلىك نەرسىسىنى ئىگىلىۋالسا، ئاللاھ تائالا ئۇ نەرسىنى قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەلبىدە قىيامەتكىچە ئۆچمەيدىغان قارا چېكىت قىلىپ قويىدۇ»**[1].

شەرھىسى:

بىر بەندىنىڭ ئۆزىنىڭ پەرۋىشكارى ھەم ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى ئىنكار قىلىشى ئەقىلسىزلىق ۋە ئەخمەقلىقتۇر. ئۇلۇغ شەرىئەتنىڭ نەزىرىدە گۇناھى كەبىرىلەردىندۇر. ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشمۇ مۇشۇ قاتاردىكى گۇناھى كەبىرىلەردىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە تېنىش ۋە شۈكۈر قىلماسلىقتۇر. ئەسلىدە نېمەتكە شۈكۈر قىلىش لازىم. ھالبۇكى، دۇنياغا كېلىپ ئاللاھنى تونۇش ئەڭ ئۇلۇغ نېمەتتۇر. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىخلاس بىلەن تەربىيەلىشى، باللىرىغا ھەمىشە

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 7808 ـ ھەدىس.

ياخشىلىق قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئۆز جېنىدەك كۆرۈپ تەربىيەلىشى ئۇلۇغ نېمەتتۇر. بالىلارمۇ شۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنى رازى قىلىشى لازىم.

قەسەم مەسىلىسىگە كەلسەك، قەسەم تۈرك تىلىدا «ئانت ئىچمەك» دېيىلىدۇ. قەسەم مۇنداق ئۈچ قىسىمدۇر: بىرىنچىسى، «يەمىينۇل غەمۇس (يالغان قەسەم)» بولۇپ، ئۆتكەن زاماندا بولغان ياكى بولمىغان بىر ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ، تېنىۋېلىپ يالغان قەسەم قىلىشتۇر. بۇنداق قەسەم قىلىش گۇناھى كەبىرىدۇر ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن (ھەنەفىي مەزھىپىدە) كەففارەت لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، كەففارەت بىلەن ئۇنىڭ گۇناھى يۇيۇلمايدۇ. شۇڭا، بۇنى «غەمۇس» گۇناھقا چۆمدۈرگۈچى، قىيامەت كۈنى ئوتقا چۆمدۈرگۈچى قەسەم دېيىلىدۇ. «قەسەم» دېگەن «بىر سۆز ياكى بىر ئىشنىڭ راستلىقىغا خۇدانى گۇۋاھ قىلىش» بولۇپ، بۇنداق قەسەم قىلغان كىشى ئاللاھقا يىغلاپ تۇرۇپ قاتتىق تەۋبە قىلىشى لازىم. مېھرىبان ئاللاھ ئۆز رەھمىتى بىلەن كەچۈرۈۋەتسە ئەجەپ ئەمەس. چۈنكى، ئۇ زاتنىڭ رەھمىتى كەڭدۇر. بۇ ھەدىس شېرىپتە «گۇناھى كەبىرە» دېيىلگەن قەسەم مانا مۇشۇ قەسەمدۇر. ئىككىنچىسى، «يەمىنۇل لەغۋ (بىكار قەسەم)» بولۇپ، بۇ قەسەم ئۆتكەن زاماندىكى بىر ئىش ھەققىدە گۇمانغا ئاساسلىنىپلا قەسەم قىلىشتۇر. مەسىلەن، بىرى: «بەكرى ئاخۇنغا بېرىشىمنى بېرىپ بولدۇم» دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بەرمىگەنلىكى ياكى بەكرى ئاخۇنغا بەرمەي، شاكىر ئاخۇنغا بەرگەنلىكى يادىغا كېلىدۇ. بۇنداق قەسەمگە كەففارەت كەتمەيدۇ، كەچۈرۈم قىلىنىشى مۇمكىن. ئۈچىنچىسى، «يەمىنۇل مۇنئەقىد (چېگىلگۈچى قەسەم)» بولۇپ، بۇنداق قەسەم بىرىنىڭ: «بۇنىڭدىن كېيىن پالان ئىشنى قىلىمەن ياكى قىلمايمەن» دەپ قەسەم قىلىشىدۇر. ئارقىدىن قەسەم قىلغۇچى گېپىدە تۇرالماي، قەسىمىنى بۇزسا، قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن بىر قۇل ئازاد قىلىش ياكى ئون نەپەر يوقسۇل كىشىنى بىر كۈن تاماققا تويغۇزۇش ياكى ئون كىشىگە كىيىم بېرىش؛ ناۋادا بۇ

ئىشلارغا قۇربى يەتمىسە، ئارقىمۇئارقا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى لازىم.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

ئالتىنچى باب

## ئائىلىسى بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش توغرىسىدا

**1. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رضي اللّٰه عنه قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صلى اللّٰه عليه وسلم: «أَحَبُّ الْعبادِ إلى اللّٰهِ أَنْفَعُهُمْ لِعِيَالِهِ».**

**مەنىسى:**

1. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بەندە خوتۇن - بالىلىرىغا ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغان كىشىدۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

خوتۇن - بالىلىرىغا پايدا يەتكۈزمەيدىغان، مېھرىبانلىق قىلمايدىغان ئادەمنىڭ دىلىدا باشقا ئادەملەرگىمۇ مېھىر - شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئەڭ رەھىمدىل زات بولغاچقا، بەندىلىرىگە رەھىم قىلغان ئادەمگە رەھىم قىلىشنى خالايدۇ.

[1] «زەۋائىدۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل فىل مۇسنەد»، 10033 - ھەدىس.

**2. عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «ابْدَأْ بِنَفْسِكَ فَتَصَدَّقْ عَلَيْهَا، فَإِنْ فَضَلَ شَيْءٌ فَلِأَهْلِكَ، فَإِنْ فَضَلَ عَنْ أَهْلِكَ شَيْءٌ فَلِذِي قَرَابَتِكَ، فَإِنْ فَضَلَ عَنْ ذِي قَرَابَتِكَ شَيْءٌ فَهَكَذَا وَهَكَذَا».**

مەنىسى:

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«سەدىقە قىلماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۆزۈڭگە قىل، ئۆزۈڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى بالىچاقىلىرىڭغا، ئۇلاردىن ئېشىپ قالغىنىنى تۇغقانلىرىڭغا، ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ قالغىنىنى ئەتراپىڭدىكى موھتاجلارغا سەدىقە قىلىپ بەرگىن!»**[1].

شەرھىسى:

بەزى ئادەملەر باركى، نام ـ شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن بالىچاقىلىرىنى موھتاجلىقتا قويۇپ، يات ئادەملەرگە بېرىدۇ، باشقىلارمۇ مېنى مېھمان قىلار دېگەن مەقسەتتە باشقىلارنى مېھمان قىلىپ، بالىچاقىلىرىنى ئاچ قويىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ھەدىس ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ.

[1] «مۇسلىم»، 997 ـ ھەدىس.

**3. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَوْ كُنْتُ آمِرًا أَحَدًا أَنْ يَسْجُدَ لِأَحَدٍ لَأَمَرْتُ المَرْأَةَ أَنْ تَسْجُدَ لِزَوْجِهَا».**

**مەنىسى:**

3. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ناۋادا مەن ئىنسانلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئاياللارنى ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم»**[1].

**شەرھىسى:**

ئائىلىنىڭ ئىنتىزاملىق، تۇرمۇشىنىڭ رەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە ھۆرمەت ۋە ئىتائەت قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئائىلىنىڭ ئاساسلىق ئېغىر يۈكلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ئىسسىقتىمۇ، سوغۇقتىمۇ ماڭىدۇ، پۈتۈن ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەرلەرنىڭ گەدىنىگە چۈشىدۇ. ئاياللار ھەمىشە راھەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاياللار ئەرلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم.

[1] «تىرمىزىي»، 1159 ـ ھەدىس.

**4. عَنْ حُذَيْفَةَ بْنِ الْيَمَانِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَنْ بَاعَ دَارًا وَلَمْ يَجْعَلْ ثَمَنَهَا فِي مِثْلِهَا، لَمْ يُبَارَكْ لَهُ فِيهَا».**

**مەنىسى:**

4. ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى ئۆي – ئىمارەتنى سېتىپ، پۇلىسنى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆي – ئىمارەتكە خەجلىمىسە، ئۇ پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

ئىنسانىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ھەممىدىن بۇرۇن ئۆي ـ ماكان لازىم. ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيۋاقىنى سېتىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئاق يەردە قويۇش ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى ئۇ كىشى ئائىلىسىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۆي ساتقان پۇلنىڭ بەرىكىتى ۋە ياخشىلىقى يوق بولىدۇ. ئۇ پۇلغا يەنە ئۆي ئالمىغۇچە ئاللاھ تەرىپىدىن بەرىكەت چۈشمەيدۇ.

[1] «ئىبنى ماجە»، 2491 ـ ھەدىس.

5. أَيُّوبُ بْنُ مُوسَى عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِّهِ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مَا نَحَلَ وَالِدٌ وَلَدًا مِنْ نَحْلٍ أَفْضَلَ مِنْ أَدَبٍ حَسَنٍ».

مەنىسى:

5. ئەييۇب ئىبنى مۇسانىڭ چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بىر ئاتا بالىسىغا ئەدەپ – ئەخلاق ئۆگەتكىنىدىنمۇ ئەۋزەل نەرسە بېرەلمەيدۇ»**[1].

شەرھىسى:

ئادەم بالىسى ئانىسىدىن تۇغۇلغاندا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام يولىدا مېڭىشقا لايىق، ھەر ئىشقا قابىلىيەتلىك بولۇپ دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ياخشى گەپمۇ يېزىلمىغان، يامان گەپمۇ يېزىلمىغان ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى قانداق تەربىيەلىسە، شۇنداق تەربىيە بىلەن چوڭ بولۇپ جەمئىيەتكە چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا بالىسىغا ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ، دۇنيادا ھالال جان بېقىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ، توغرا بولغان دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي تەربىيە بېرىشى لازىم. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى، دىنىي ئېتىقادنى روھىغا سىڭدۈرگەندىن كېيىن، بالىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئادەتلىرىنى بۇزمايدىغان مەكتەپلەرگە بېرىپ، كارغا كېلىدىغان ئادەم قىلىش لازىم. چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ئوقۇش يېشىدىكى باللارنى تەربىيەلەش ئورۇنلىرىغا بەرگەن چاغدا، بالىنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزىدىغان، مىللىتىنى قوغداش روھىنى ئۆلتۈرىدىغان مەكتەپلەرگە، مائارىپ ئورۇنلىرىغا بېرىشتىن ساقلىنىش زۆرۈر. چۈنكى، ئاتا ـ ئانا ۋە مەكتەپلەرنىڭ تەربىيەسى ئادەم ئىشلەپچىقىرىدىغان فابرىكىلار

[1] «تىرمىزىي»، 1952 ـ ھەدىس.

بولـۇپ، بـۇ ئىككـى فابرىـكا بالىنـى يـا مۇكەممـەل ئـادەم قىلـىپ چىقىرىـدۇ، يـا ھايۋاندىنمـۇ بەتتـەر، ئەسـكى، شـەيتاندىنمۇ بەتبەشـىرە، ئەخلاقسـىز قىلىۋېتىـدۇ. ئىنسـانىيەت تارىخىـدا ئۆتكـەن سىياسـىيۇنلار، داھىيـلار، جاھـان سـورىغانلار، يىراقنـى كۆرەر ئالىملار ۋە پەيلاسـوپلار ھەممىسـى تەربىيەنىـڭ مېۋىلـىرى بولـۇپ، تەربىيـە ئارقىلـىق يېتىشـكەن ئادەملـەردۇر. ئاتـا ـ ئانـا بولغۇچىـلار بالىلىرىغا ئالتـۇن ـ كۈمـۈش مـىراس قالدۇرۇشـقا تىرىشىشـتىن بەكـرەك، ئۇلارغا ئىلـىم ئۆگىتىـىپ، توغـرا تونۇشـقا ئىگـە قىلـىپ، ھايـات چېغىـدا سىياسـىي مەيدانلاردىكـى مەۋجۇتلـۇق كۈرىشـىدە دۈشـمەنگە مەغلـۇپ بولماسـلىقى ئۈچـۈن يارامـلىق تەربىيـە بېرىشـى لازىـم. ئاتـا ـ ئانـلار بالىلىرىنـى دىنىـي ئەخـلاق، مىللىـي روھ بىلـەن يېتىشـتۈرۈپ، دۇنيادا شانۇشـەۋكەت ئىزباسـارلىرىنى قالـدۇرۇپ، يـۈزى ئـاق ھالـدا ئاللاھنىڭ ئالدىغـا بارغـاي.

مىللەتنىـڭ بايلىرىمـۇ قارۇنـدەك بـاي بولۇشـنىڭلا كويىـدا يۈرمـەي، ئالـدى بىلـەن مىللىـي ۋە دىنىـي ئوتتـۇرا مەكتەپلەرنـى، ئالىـي مەكتەپلەرنـى قـۇرۇپ، مىللەتنىـڭ يـاش ئۆسـمۈرلىرىنى دۇنيالىـق بىلىملەرگـە، دىنىـي ئىلىملەرگـە ۋە توغـرا تونۇشـقا ئىگـە قىلـىپ تەربىيەلـەپ، مىللەتنـى يوقىلىشـتىن قۇتقۇزۇشـقا ھەسسـە قوشۇشـى لازىـم. تۈرك مىللىتىدىـن تۇغۇلغـان ھەربىـر بـالا مىللەتنىـڭ بالىسـىدۇر. شـۇ بالىـلار توغـرا يولـدا تەربىيەلەنسـە، تـۈرك مىللىتـى تامامـەن سـائادەتمەن بولىـدۇ. ئەگـەر مىللەتنىـڭ بالىلىـرى يامـان تەربىيـە بىلـەن زەھەرلىنىـپ بۇزۇلسـا، مىللـەت يوقىلىـدۇ. ئـى ئەزىـز مۇسـۇلمانلار! غەيرەتلىـك تۈركلـەر! ھەممىـڭلار بىخۇدلۇق ئۇيقۇسـىدىن ئويغىنىـڭلار! بايـلار، يوقسـۇللار، مەسـئۇللار، پۇقـرالار، چـوڭ ـ كىچىـك ھەممىـڭلار مىللەتنـى قوغـداپ، يوقىلىشـتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچـۈن دەرھـال ھەرىكەتلىنىـڭلار!

**6. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «مَنْ رَزَقَهُ اللهُ امْرَأَةً صَالِحَةً، فَقَدْ أَعَانَهُ عَلَى شَطْرِ دِينِهِ، فَلْيَتَّقِ اللهَ فِي الشَّطْرِ الثَّانِي».**

مەنىسى:

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە دىيانەتلىك ياخشى ئايال ئاتا قىلسا، ئۇنىڭ دىنىنىڭ يېرىمىنى ساقلاشقا ياردەم بەرگەن بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كىشى دىنىنىڭ قالغان يېرىمىنى ساقلاشتا ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلسۇن!»**[1].

شەرھىسى:

دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىدىغان ئايال دىنىنى ساقلاشتا ئەلۋەتتە ئېرىگە ياردەم قىلىدۇ. شۇڭا، خوتۇن ئالماقچى بولغان كىشى ھەممىدىن ئاۋۋال ئالىدىغان خوتۇنىنىڭ دىنىي ئىشلاردا ئۆزىگە ياردەم قىلىدىغان، بالىلىرىنى دىنىنىڭ روھى بىلەن تەربىيەلەيدىغان، پاكىز، ياخشى، ئاقىللىق خوتۇن ئېلىشى كېرەك. چۈنكى، خوتۇن ئېلىشتىن مەقسەت ئىسلام دىنىغا ھەم مىللەتكە ياردەم بېرىش، ئەدەپلىك، تەربىيەلىك ياخشى باللارنى تۇغدۇرۇپ چوڭ قىلىشتۇر. شۇنداقلا ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، دىنىي ئىبادەتلەرگە ياردەملىشىپ، بىر ـ بىرىنى ھارامدىن ساقلاشتۇر. ئوبدان خوتۇن يەردىن ئۈنۈپ قالمايدۇ، ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. بەلكى، ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ خوتۇنلىرىدىن تۇغۇلغان ۋە تۇغۇلىدىغان قىزلىرىمىزدۇر. مىللىتىمىزنىڭ قىزلىرىنى دىنىي ھەم مىللىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، مىللىي ھەم دىنىي تەربىيە بېرىپ، ئەخلاق ئۆگىتىپ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، مۇكەممەل ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرسەك پاكىز، سالىھ

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 2681 ـ ھەدىس.

خوتۇنلار بارلىققا كېلىدۇ، شۇ ئارقىلىق دىنىمىز ۋە مىللىتىمىز تەرەققىي قىلىدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**7. عَنْ عِيَاضِ بْنِ غَنْمٍ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَاتَ يَوْمٍ: «يَا عِيَاضُ لَا تَزَوَّجَنَّ عَجُوزًا، وَلَا عَاقِرًا، فَإِنِّي مُكَاثِرٌ بِكُمُ الْأُمَمَ».**

**مەنىسى:**

7. ئىياز ئىبنى غەنم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېگەن: **«ئى ئىياز! قېرى، تۇغماس خوتۇنلارنى ئالمىغىن. چۈنكى، مەن باشقا ئۈممەتلەر ئالدىدا سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىمەن»**[1].

**شەرھىسى:**

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن ئېلىشتىكى مەقسىتى بالا تېپىش، مۇئمىنلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا، بىز مۇئمىنلەر ساقلىقنى ساقلاشقا رىئايە قىلىپ، ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللەردىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز، يېتىم بالىلارنى ئاچ - يالىڭاچ، بىلىمسىز قېلىشتىن ساقلىشىمىز كېرەك. دوختۇرخانا ۋە شىپاخانىلارنى ئېچىپ، مۇسۇلمانلارنى ۋاقىتسىز ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم. مۇسۇلمانلىرىمىزنى موھتاجلىقتىن ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن ساقلاش، مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش قاتارلىقلار ئىسلام جەمئىيىتىمىزنى ياشنىتىش ئۈچۈن زۆرۈر ۋەزىپىمىز، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن يۈكلەنگەن پەرز كۇپايە ئىشلاردىندۇر. ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئىشلار كەم بولسا، ھەممە مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ.

[1] تەبەرانىي: «مۇئجەمۇل كەبىر»، 1008 - ھەدىس.

**8. عَنْ ثَوْبَانَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ: «أَيُّمَا امْرَأَةٍ سَأَلَتْ زَوْجَهَا الطّلَاقَ فِي غَيْرِ مَا بَأْسٍ، فَحَرَامٌ عَلَيْهَا رَائِحَةُ الْجَنّةِ».**

**مەنىسى:**

8. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**قايسىبىر ئايال سەۋەبسىزلا ئېرىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ھىدىمۇ ھارامدۇر**»[1].

**شەرھىسى:**

«جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ» دېگەننىڭ مەنىسى «جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە قىز ياكى ئوغۇل بالىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي، زورلاپ تويىنى قىلىش توغرا ئەمەس. ئەر ـ ئايال ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك يولدىشى بولىدىغان كىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تونۇپ، ئەخلاقى ۋە مىجەز ـ خۇلقىنى بىلگەندىن كېيىن ئالسا ياكى تەگسە بولىدۇ. ئىسلام قانۇنى شۇنچە ئەركىنلىكلەرنى بەرگەندىن كېيىن توي قىلغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن ئوينىشىپ، ئائىلىنى كەلسە ـ كەلمەس بۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

قاتتىق زۆرۈرىيەت بولماي تۇرۇپ ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ، ئېغىر جازاغا دۇچار قىلىدۇ. بەزى خوتۇنلار باركى، بىكاردىن ـ بىكار گەپ چىقىرىپ ئېرى بىلەن جېدەللىشىدۇ، ئازراق خاپا بولۇپ قالسىلا: «سۆزۈمنى بەر» دەپ ئېرىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئېرى بىلەن ماجىرالىشىدۇ. بۇ ھەدىس

[1] «ئىبنى ماجە»، 2055 ـ ھەدىس.

شىرىپتە ئاگاھلاندۇرۇلغان ئاياللار مۇشۇ تىپتىكى خوتۇنلاردۇر.

سوپى ئاللاھ يار ھەزرەتلىرىنىڭ: «يامان خوتۇن شەيتاننىڭ قامچىسىدۇر» دەپ تونۇشتۇرغىنى مۇشۇنداق خوتۇنلاردۇر. بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئەرلىرى مۇشۇنداق خوتۇنلارغا كۆپ مۇپتىلا بولغانلاردۇر. ئەرلىرىگە خوتۇن بولۇشتىن باشقا ھۈنەرلىرى بولمىغان بۇ بەختسىزلەر ئىپرى باي ياكى يوقسۇل بولسۇن، ئازراق ئىشتىن خاپا بولسىلا، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يېتىۋالىدۇ. بالىسىنىڭ تەربىيەسىز قالغىنىنى بىلەنمۇ، ئېرىنىڭ قەرزگە بوغۇلغىنىنى بىلەنمۇ كارى بولمايدۇ. ئېرى ئەپكەشتە سۇ توشۇپ جان باقىدىغان نامرات بولسىمۇ، قاما تۇماق، دۇردۇن كۆڭلەك، تاۋار چاپان ئېلىپ بېرىپ خوتۇنىنىڭ ئۆزىدىن ۋە ئائىلىسىدىن ئەپۇ سورىمىغۇچە يېنىپ كەلمەيدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خوتۇن - قىزلارنىڭ خۇددى ھايۋانلاردەك دىنىي ئىلىم - مائارىپتىن خەۋەرسىز قالغانلىقى ھەم دىنىي ئەخلاق تەربىيەسى كۆرمىگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. بۇنداق ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەنى ئېسىل تۈرك ئۇيغۇر مىللىتىدىن يوقىتىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار بىر مەركىزىي دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئېچىپ، پۈتۈن ئالتە شەھەر ۋە ئالتاي تۈركلىرىنى بىر ئىسلام جەمئىيىتى ھالىتىگە كەلتۈرۈش لازىم. نىكاھ، تالاق، ئىددەت ۋە ئېمىلداشلىق مەسىلىلىرىنى شەرىئەت تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇپ، ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش كېرەك. مۇسۇلمان خوتۇن - قىزلىرىنى يات مىللەتلەرگە، دىنسىز ئەرلەرگە تېگىشتىن توسۇش؛ بەزى بايلارنىڭ باللىرىنىڭ ھەر ئايدا بىر قىز ئېلىپ، ئۆزۈنغا بارماي سۆزىنى بېرىپ، ئاجرىشىپ، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشىنى توسۇش كېرەك. يوقسۇل كىشىلەرنىڭ قىزلىرىنى ھەر جەھەتتىن ھىمايە قىلىش، ئۇلارغا دىنىي ئەخلاق تەربىيەسى بېرىپ، ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىتىپ، تىرىشچان، ئەخلاقلىق، مىللەتنىڭ ئىلغار ئانىلىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈش لازىم. شۇ چاغدا ئائىلە ئەھۋالىمىز ئاللاھ خالىسا ياخشىلىنىپ قالغۇسى.

**9. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِذَا كَانَ عِنْدَ الرَّجُلِ امْرَأَتَانِ، فَلَمْ يَعْدِلْ بَيْنَهُمَا، جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، وَشِقُّهُ سَاقِطٌ».**

**مەنىسى:**

9. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بىر كىشىنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، ئىككىلىسىگە ئادىل مۇئامىلە قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ بىر تەرىپى چۈشۈپ كەتكەن ھالەتتە كېلىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، مۇئمىنلەرگە زۆرۈرىيەت بولمىسا، بىرلا خوتۇن ئېلىش كۇپايە. ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئىككى، ئۈچ ۋە تۆت خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت بار، لېكىن ھەممىلىرىنىڭ تەربىيەسىنى تەڭ، باراۋەر قىلىش لازىم. باللارنى ئوقۇتۇش، تەربىيەلەشكە ئائىت ئىشلاردا باراۋەر بولۇش كېرەك. ھېچبىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان تەڭسىز ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ پەقەت بىرلا خوتۇن ئېلىشىغا رۇخسەت بار. «قۇرئان»دا ﴿فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً﴾ ﴿ئەگەر (خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقتىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىڭلار﴾[2] دەپ بايان قىلىنىدى.

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 2759 ـ ھەدىس.

[2] «نىسائ»: 3 ـ ئايەت.

10. عن ابن عمر رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُما عَنِ النَّبِيّ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ قَالَ: «حَقُّ الزّوْجِ عَلَى زَوْجَتِهِ أَلّا تَمْنَعَهُ نَفْسَهَا وَإِنْ كَانتْ عَلَى ظَهْرِ قَتَبٍ، وَأَلّا تَصُومَ يَوْمًا وَاحِدًا إِلّا بِإِذْنِهِ إِلّا الفَرِيضَةَ، فَإِنْ فَعَلَتْ أَثِمَتْ وَلَمْ يُتَقَبّلْ مِنْهَا، وَأَلّا تُعْطِي مِنْ بَيْتِهِ شَيْئًا إِلّا بِإِذْنِهِ، فَإِنْ فَعَلَتْ كَانَ لَهُ الأَجْرُ وعَلَيْهَا الوِزْرُ، وَأَلّا تَخْرُجَ مِنْ بَيْتِهِ إِلّا بِإِذْنِهِ، فَإِنْ فَعَلَتْ لَعَنَهَا اللّٰهِ وَمَلائِكَةُ الغَضَبِ حَتّى تَتُوب أَوْ تُرَاجِعَ، قِيلَ: وَإِنْ كَانَ ظَالِمًا؟ قَالَ: وَإِنْ كَان ظَالِمًا».

مەنىسى:

10. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى ئۈستىدىكى ھەقلىرى:

1. خوتۇن كىشى تۆگە ئۈستىدە بولسىمۇ، (ئېرى ھاجىتى ئۈچۈن چاقىرسا) ئۆزىدىن ئېرىنى مەنئى قىلماسلىقى لازىم؛

2. ئېرىدىن رۇخسەتسىز پەرز روزىدىن باشقا بىر كۈنمۇ روزا تۇتماسلىقى لازىم. ئەگەر تۇتۇپ قالسا، گۇناھكار بولىدۇ، روزىسى قوبۇل بولمايدۇ؛

3. ئېرىدىن رۇخسەتسىز ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقىلارغا بىر نەرسە بەرمەسلىكى لازىم. ئەگەر بەرسە، ئېرىگە ساۋاب بولىدۇ، خوتۇنغا گۇناھ بولىدۇ؛

4. ئېرىدىن رۇخسەتسىز ئېرىنىڭ ئۆيىدىن سىرتقا چىقماسلىقى لازىم. ئەگەر چىقسا، ئۆيىگە يېنىپ كەلگۈچە ياكى تەۋبە قىلغۇچە ئاللاھ تائالا ۋە غەزەپ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا لەنەت قىلىدۇ. ناۋادا ئېرى ناھەقچىلىك قىلغان بولسىمۇ، شۇنداق قىلامدۇ؟ دەپ سورىلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شۇنداق قىلىدۇ،

دەپ جاۋاب بەردى»[1].

شەرھىسى:

خوتۇنلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەرلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى لازىم.

[1] سۇيۇتىي: «جەمئۇل جەۋامىئ»، 13536 ـ ھەدىس.

يەتتىنچى باب

## قوشنا ھەقلىرى توغرىسىدا

**1. عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَجُلٌ لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: يَا رَسُولَ اللّٰهِ، كَيْفَ لِي أَنْ أَعْلَمَ إِذَا أَحْسَنْتُ، وَإِذَا أَسَأْتُ؟ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا سَمِعْتَ جِيرَانَكَ يَقُولُونَ: قَدْ أَحْسَنْتَ، فَقَدْ أَحْسَنْتَ، وَإِذَا سَمِعْتَهُمْ يَقُولُونَ: قَدْ أَسَأْتَ، فَقَدْ أَسَأْتَ».**

**مەنىسى:**

1. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: **«بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:**

**- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆزۈمنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلغىنىمنى قانداق بىلەي؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:**

**- ساڭا قوشنا بولغان كىشىلەرنىڭ: ‹ياخشىلىق قىلدىڭىز› دېگىنىنى ئاڭلىساڭ، ياخشىلىق قىلغان بولىسەن، ناۋادا قوشنىلىرىڭنىڭ: ‹يامانلىق قىلدىڭىز› دېگىنىنى ئاڭلىساڭ، يامانلىق قىلغان بولىسەن، - دەپ جاۋاب بەردى»**[1].

**شەرھىسى:**

ئۆزۈڭنىڭ ياخشى ياكى يامان ئادەملىكىڭنى بىلمەكچى بولساڭ، قوشنىلىرىڭنىڭ مۇئامىلىسىگە دىققەت قىل! ئۇلار سېنىڭ ھەممە ئەھۋالىڭنى جىگىلاپ باھالايدۇ. ناۋادا ئۇلاردىن مۇئامىلەڭنىڭ

[1] تەبەرانىي: «مۇئجەمۇل كەبىر»، 10433 - ھەدىس.

ناچارلىقىغا دائىر گەپلەرنى ئاڭلىساڭ، دەرھال ئەخلاقىڭنى، ناچار قىلىقىڭنى تۈزەشكە باشلا! ئۇلارنىڭ سۆزىگە خاپا بولماي، بەلكى توغرا يولغا كىرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سۆزىدىن پايدىلانغىن!

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**2. عن أبي ذر يقول قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إِنّ اللهَ عَزّ وَجَلّ يُحبُّ الرّجُلَ لَهُ الجَارُ السّوءُ يُؤْذِيه فَيَصْبرُ عَلَى أَذَاهُ، وَيحْتَسبُ حَتّى يَكْفِيَه اللهُ تَعَالى بِحَيَاة أو مَوْت».**

**مەنىسى:**

2. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئەسكى قوشنىسىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ، ئاللاھ ئۇ قوشنىغا ھايات ياكى ئۆلۈم بىلەن كۇپايە قىلغانغا قەدەر ئېغىر – بېسىق بولۇپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان كىشىنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ۋە نىيەت ـ غەرەزلىرىنى بىلىدۇ، ھەق تەرەپكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا، مۇئمىنلەر قوشنىلىرىنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلىپ، سەۋرچان، چىدامچان بولۇشى لازىم.

[1] سۇيۇتىي: «جەمئۇل جەۋامىئ»، 5227 ـ ھەدىس.

**3. عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «أُوصِيكُمْ بِالْجَارِ».**

**مەنىسى:**

3. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن»**[1].

**شەرھىسى:**

ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئورايسەن» دەيدىغان بىر ماقال - تەمسىلى بار. بىر كىشى قوشنىلىرىغا ئازار بەرسە، قوشنىلار ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭغىمۇ ئازار بېرىشى، ئارىدا پىتنە - پاسات، بۇزۇلۇش پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

[1] سۇيۇتىي: «جەمئۇل جەۋامىئ»، 8765 - ھەدىس.

**4. عَنْ قَيْسِ بْنِ طَلْقٍ عَنْ أَبِيهِ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَيْسَ الْمُؤْمِنُ الَّذِي لَا يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ».**

**مەنىسى:**

4. قەيس ئىبنى تەلقنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**قوشنىسى يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى مۇئمىن ئەمەس**»[1].

**شەرھىسى:**

قوشنا مەيلى مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن، بەربىر قوشنىدۇر، ھەممىسىنىڭ ھەققى چوڭ، ھۆرمىتى كاتتىدۇر. مەيلى ئۇلتۇرىقى بىر يەردىكى قوشنا بولسۇن ياكى دۇكىنى، تىجارىتى، كەسپى بىر يەردىكى قوشنا بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش قوشنا بولۇپ، قوشنىلار بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۆزئارا ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشى لازىم.

[1] تەبەرانىي: «مۇئجەمۇل كەبىر»، 8250 - ھەدىس.

5. عن ابْنَ عَبّاسٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «لَيْسَ الْمُؤْمِنُ الّذِي يَشْبَعُ وَجَارُهُ جَائِعٌ إِلَى جَنْبِهِ».

مەنىسى:

5. ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمادىـن رىۋايـەت قىلىنىدۇكـى، ئـۇ پەيغەمبەر سـەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: «**يېقىنىدىكى قوشنىسى ئاچ تۇرۇپ ئۆزى توق يۈرگەن كىشى مۇئمىن ئەمەس**»[1].

شەرھىسى:

يېمـەك ـ ئىچمەكـى كەڭـرى، بايلىقـى كـۆپ ئـادەم يوقسـۇل قوشـنىلىرىنىڭ ھالىدىـن خـەۋەر ئېلىشـى لازىـم. ئاچ بولسـا، يېمەكلىك بېرىـش، كەسـپىي تۇرمـۇش يوللىرىنـى كۆرسـىتىش، دۇنيالىـق ۋە ئاخىرەتلىـك ئىشـلىرىدىكى خاتالىقلىرىدىـن ئاگاھلانـدۇرۇش، ئەھۋالىنـى ياخشىلاشـقا نەسـىھەت قىلىـش، ھەممـە ئىشـلىرىدا خەيرخاھلىـق قىلىـش قاتارلىقـلار ئىسـلام دىنىنىـڭ ئەدەپلىرىدىـن بولغـان مۇقـەددەس ۋەزىپىـدۇر. ئەگـەر ئۇنـداق قىلماي، قوشنىسىنىڭ ئـاچ ـ يالىڭاچ قېلىشـىنى ئـارزۇ قىلىپ، ئـۇلار خاپىلىق تارتسا، خۇش بولـۇپ كـۈن ئۆتكۈزىدىغـان، بىچـارە قوشـنىلىرى يـەر ـ زېمىنلىرىنـى سېتىشـقا مەجبـۇر بولغانـدا، دەرھـال قوشـنىلىق دەۋاسـىنى كۆتـۈرۈپ چىقىدىغـان ھىيلىگـەر بايلىرىمـىز بـۇ ھەدىـس شـېرىپكە قارىغانـدا مۇئمىـن ئەمـەس، شـۇنداقلا ئۇلارنىـڭ يـەر قوشـنىلىق دەۋاسـىنى قىلىـش ھەققىمـۇ يـوق.

ئەقلـى ـ ھوشـى جايىـدا ئـادەم مۇسـۇلمان قوشـنىلىرىنىڭ ھەتتـا ئـاكا ـ ئۇكىلىرىنىـڭ يـەر ـ زېمىنلىرىدىـن ئايرىلىـپ تىلەمچى بولـۇپ

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 3117 ـ ھەدىس.

كىتىشىگە رازى ۋە خۇشال بولىدىغان ھەمدە شۇنىڭغا سەۋەبچى بولىدىغان زالىملارنى «شەفىئ (قوشنىدارچىلىق ھەققى بار)» دەپ ھۆكۈم قىلمايدۇ، دىنىنىڭ داغدام يولىمۇ بۇنداق قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. قوشنىلارنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوشنىلىرىغا ياردەم قىلمايدىغان ئۇنداق پەسكەشلەرنى «شەفىئ (قوشنىدارچىلىق ھەققى بار)» دەپ ھۆكۈم قىلغۇچى ئاخۇنۇملار، قازىلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەق شەرىئىتىگە خىيانەت قىلغۇچىلاردۇر.

**6. عنْ أنس رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النّبِيّ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ قَالَ: «اثْنَانِ لا يَنْظُرُ اللهُ إِليهِمَا يومَ القِيامةِ قَاطِعُ الرحِم وجارُ السوءِ».**

**مەنىسى:**

6. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئىككى تۈرلۈك ئادەم بار بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ: ئۇلاردىن بىرى سىلە – رەھىمنى ئۈزگۈچى، يەنە بىرى ئەسكى قوشنىدۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدىغان ئىككى تۈرلۈك كىشىدىن بىرى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قەۋم - قېرىنداشلىرىدىن خەۋەر ئالماي تاشلىۋەتكۈچى؛ يەنە بىرى قوشنىلىرىغا مېھرىبانلىق قىلمايدىغان، ئەكسىچە ئازار بېرىدىغان، كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان كىشىدۇر.

[1] سۇيۇتىي: «جەمئۇل جەۋامىئ»، 508 - ھەدىس.

**7. عَنْ عَائِشَةَ رضي الله عنها أَنّ النَّبِيّ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ قَالَ: «صِلَةُ الرّحِمِ، وَحُسْنُ الْخُلُقِ، وَحُسْنُ الجوار يُعَمِّرْنَ الدِّيَارَ وَيَزِدْنَ فِي الْأَعْمَارِ».**

**مەنىسى:**

7. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«سىلە – رەھىمنى ئۇلاش، گۈزەل ئەخلاق ۋە قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ياخشى ئادا قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىنى گۈللەندۈرىدۇ، ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

بىر مىللەتنىڭ ئەخلاقى ساغلام بولسا، بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداش بولۇپ كۆڭ كەچۈرسە، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان ئىشنى قىلمىسا، ئىسلام مەملىكىتى تىنچ بولىدۇ، ھەركىم ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىن رازى ۋە خۇرسەن بولىدۇ، مەملىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاسايىشلىقى ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ، ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت ئاۋاتلىشىدۇ.

قانداق بىر جامائەتتە گۈزەل ئەخلاق بولمىسا، بىر ـ بىرىگە ئازار بېرىدىغان ئىشنى قىلسا، ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش ۋە دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ، ھەر تەرەپ ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كويىدا بولىدۇ، ھاكىملارنىڭ ھۆكمىدىن نارازى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتتە مۇقىمسىزلىق يۈز بېرىدۇ. ھەممەيلەن تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت قىلىشنىڭ ئورنىغا تالاش ـ تارتىش ۋە جېدەل ـ ماجىرا بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋاتلىق ئورنىغا قەھەتچىلىك، ئاسايىشلىق ئورنىغا سوقۇشۇش ۋە قىرغىنچىلىق مەيدانغا كېلىپ، ئاخىر پۈتۈن مىللەت يوقىلىدۇ، مەملىكەت ۋەيران بولىدۇ.

[1] بەيھەقىي: «ئەلجامىئ لىشۇئەبىل ئىمان»، 7599 ـ ھەدىس.

**8. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «تَعَوَّذُوا بِاللّٰهِ مِنْ جَارِ السَّوْءِ فِي دَارِ الْمُقَامِةِ، فَإِنَّ جَارَ الْبَادِي يَتَحَوَّلُ عَنْكَ».**

**مەنىسى:**

8. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**مۇقىم ئولتۇراقلاشقان جايدىكى يامان قوشنىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەڭلار. چۈنكى، يېزا – قىشلاقتىكى قوشنا كۆچۈپ تۇرىدۇ**»[1].

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىدە ھەركىم ھويلا ـ ئاران سېتىۋالماقچى بولسا، قوشنا بولىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئالدىن ئويلىشىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۆي ئېلىپ، ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، يامان قوشنىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. پەقەت سەۋر قىلىپ، ئۆزۈڭنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش لازىم. ئەمما، چۆل ـ سەھرالاردا ۋە تاغلاردا مال بېقىپ كۆن كەچۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى باشقىچىدۇر. ئۇلار قەيەردە سۇ، ئوت ـ چۆپ بولسا، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىدۇ. ناۋادا قوشنىسى ئوسال بولسا، ئەتىسى ئۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىدۇ.

[1] بەيھەقىي: «ئەلجامىئ لىشۇئەبىل ئىمان»، 9106 ـ ھەدىس.

**9. عن المقداد بن الأسود رضي الله عنه قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «لأَنْ يزنِيَ الرجُلُ بعشْرِ نِسوَةٍ خيرُ لهُ مِن أنْ يزنِيَ بامرأةِ جارِهِ، ولأَنْ يَسرِقَ الرجُلُ مِن عشرَةِ أبياتٍ أيسرُ لهُ مِن أنْ يسرِقَ منْ بيتِ جارِهِ».**

**مەنىسى:**

9. مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بىر كىشىنىڭ قوشنىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن زىنا قىلغىنىدىن يات ئاياللاردىن ئون ئايال بىلەن زىنا قىلغىنى گۇناھ جەھەتتە يەڭگىلرەكتۇر، قوشنىسىنىڭ بىر نەرسىسىنى ئوغرىلىۋېلىشىدىن يات كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىن ئون ئۆيدىن ئوغرىلىغىنى گۇناھ جەھەتتە يەڭگىلرەكتۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

ئىسلام دىنىدا بارلىق مۇسۇلمانلار بىر - بىرىنىڭ خاتىرجەملىكىگە كېپىل بولۇپ، بىر - بىرىنى قوغداش، مال - مۈلكىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلاش لازىم. ئەمما، قوشنىنىڭ ھەققى ھەممىدىن چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىگىلىكىگە قول ئۇزىتىش ھەممىدىن ئېغىر گۇناھتۇر.

[1] تەبەرانىي: «مۇئجەمۇل كەبىر»، 605 - ھەدىس.

10. عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ: «مَا زَالَ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السَّلَامُ يُوصِينِي بِالجَارِ حَتَّى ظَنَنْتُ أَنَّهُ يُوَرِّثُهُ، وَمَا زَالَ يُوصِينِي بِالمَمْلُوكِ حَتَّى ظَنَنْتُ أَنْ يَضْرِبَ لَهُ أَجَلاً أَوْ وَقْتًا إِذَا بَلَغَهُ عَتَقَ».

مەنىسى:

10. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. قۇلغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، قۇلنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم»**[1].

شەرھىسى:

قولۇم - قوشنىلارنى رەنجىتىش ئىسلام دىنىدا زىت ئىش بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەس قوشنىلارنىڭمۇ قوشنىدارچىلىق ھەقلىرى بار. ئۇرۇق - تۇغقان قوشنىلارنىڭ قوشنىلىق، مۇسۇلمانلىق ۋە تۇغقانلىقتىن ئىبارەت ھەقلىرى بار. قوشنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش پەقەت رەنجىتمەسلىكلا ئەمەس، بەلكى ئازار - كۆلپەتلىرىگىمۇ چىداپ، سەۋر قىلىشتۇر.

[1] بەيھەقىي: «سۈنەنۇل كۇبرا»، 15897 - ھەدىس.

سەككىزىنچى باب

## مۇئمىنلەرنىڭ بىر ئىسلام جەمئىيىتى بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە ئىجتىمائىي قانۇنلىرى توغرىسىدا

**1. عن ابن عمر رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما عَنِ النَّبِيِّ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إن اللّٰه تعالى لا يجمع أمتي على ضلالة و يد اللّٰه على الجماعة ومَنْ شَذَّ شَذَّ في النّار».**

مەنىسى:

1. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئۈممىتىمنى ئازغۇنلۇق ئۈستىدە بىرلەشتۈرمەيدۇ (يەنى ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە توغرا يولدىن چىقىپ كەتمەيدۇ)، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى جامائەت بىلەندۇر. جامائەتتىن ئايرىلغان كىشى دوزاخ ئۈچۈن ئايرىلغان بولىدۇ»**[1].

شەرھىسى:

جامائەت دېگەن ھەق يولدا ئىتتىپاقلاشقان مۇئمىنلەر توپىدۇر. مەسىلەن، «قۇرئان» ۋە سۈننەتكە مۇۋاپىق ئەقىدىدە بىرلىك ھاسىل قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاش ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان، مۇستەبىتلەر تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان سىياسىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئۇيۇشمىلار جامائەتتۇر.

[1] ئالبانىي: «سەھىھۇ ۋە زەئىپۇل جامىئىسسەغىر»، 2729 ـ ھەدىس.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنە شۇنداق بىرلىكنىڭ پىكرىدىن ئايرىلماسلىقتا، بۇنداق جامائەتكە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە مۇشۇ مۇبارەك سۆزى ئارقىلىق ئىسلام جامائەتلىرىنىڭ ۋە بارلىق ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ جەمئىيەت تەشكىل قىلىپ، ھەر ئىشنى جامائەت بىلەن قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇردى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلار بىرلىكىدىن ئايرىلىش ۋە بۆلۈنۈشنىڭ دۇنيانىڭ ئوتى بولغان سىياسىي مەھكۇملۇققا ھەم ئاخىرەتنىڭ ئوتى بولغان جەھەننەم ئازابىغا مۇپتىلا بولۇشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. چۈنكى، بۆلۈنۈشتىن ئىبارەت بالاغا گىرىپتار بولغان مىللەت بارلىق ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ، بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىش مىللەتنى يوق قىلىدۇ، ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنىڭ نەتىجىسى ئاسايىشلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق مىللەتنى يوقاتماقچى بولغان زالىم ھاكىمىيەتلەر ھەممىدىن ئاۋۋال شۇ مىللەتنى پارچىلاپ، بىرقانچىگە بۆلۈۋېتىپ بىرلىكىنى يوقىتىدۇ. مەسىلەن، ھەممىگىلا كەڭچىلىك ۋە ئەركىنلىك بېرىمىز دەپ ئالداپ، ئازدۇرۇپ، بىر مىللەتنى ئۆزبېك، تاتار، تارانچى، ياقۇت، ئەسكىمۇس، قاراقالپاق، سامايىد، چاۋاش، تۈركمەن، قىرغىز، قازاق، قىپچاق، باشقۇرد، مىشىر، چوكچى، ئۇيغۇر، قالماق، چەركەس قاتارلىق ئىسىملار بىلەن بۆلۈپ، بىر پۈتۈن تۈرك ئىسمىنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىللەتنىڭ كۈچى يوقىلىدۇ، بىرنەچچە مىللەتكە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئارقىدىن بۇنداق مىللەتنىڭ چوڭلىرى جەمئىيەتتىكى ھاكىم گۇرۇھقا خۇشامەت قىلىدىغان، ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان، توختىماي ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىدىغان ئىتلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق مىللەت ئاللاھ تائالانىڭ ﴿وَمَزَّقْنَاهُمْ كُلَّ مُمَزَّقٍ﴾ ﴿**ئۇلارنى تىتما - تىتما قىلىۋەتتۇق**﴾ دېگەن ئايىتىگە ئەمەلىي مىسال بولۇپ قالىدۇ ۋە بۆلۈنۈپ، پارچىلانغان سەبەئ جامائەسىدەك دۇنيادىن يوقىلىدۇ. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ﴿فَجَعَلْنَاهُمْ أَحَادِيثَ﴾ ﴿**ئۇلارنى بىز (كېيىنكىلەرگە) قىسسە قىلىپ قالدۇردۇق**﴾[1] دېگەن ئايىتىگە

[1] «سەبەئ»: 19 - ئايەت.

مسال بولۇپ، ئۇ مىللەتنىڭ ئەخمەقلىقى باشقا ئەقىللىق مىللەتلەرنىڭ ئاغزىدا سۆز - چۆچەك بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ھەر دەۋردە قانداق بىر مىللەتتە ئىتتىپاقلىق، بىرلىك پىكرى ئەۋجگە چىقسا، بىرلىك تۇيغۇسى ئويغانسا، شۇ مىللەت تەرەققىي قىلىدۇ دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتنى قوغداش روھىغا ئىگە بولغان مۇسۇلمانىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى مۇسۇلمان تۈرك مىللىتىنى بىرلىككە چاقىرىشتۇر، شەخسىي مەنپەئەتىدىن مىللىي مەنپەئەتنى ئۈستۈن ئورۇندا قويۇپ، ئىسلام مىللىتى يولىدا مال ۋە جانلىرىنى پىدا قىلىشتۇر.

2. عَنْ عَبْدِ اللّٰهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّٰى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَنْ قَادَ أَعْمَى أَرْبَعِينَ خُطْوَةً، وَجَبَتْ لَهُ الْجَنَّةُ».

مەنىسى:

2. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى بىر قارىغۇ كىشىنى قىرىق قەدەم يېتىلەپ ماڭسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ»**[1].

شەرھىسى:

بۇ ھەدىس شېرىپتىكى قارىغۇلۇق جىسمانىي ھەم روھىي كورلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىسمانىي كورلۇق (يەنى كۆزنىڭ قارىغۇلۇقى) تۇغۇپ كېتىدىغان بولۇپ، بۇنداق ئادەم پەقەت قىسقا مۇددەتلىك دۇنيا ھاياتىدا يورۇقنى كۆرەلمەيدۇ، دۇنيادىكى چىرايلىق مەنزىرىلەرگە قاراپ ھۇزۇرلىنىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمما، روھىي كورلۇق يەنى ئېتىقاد ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتتىكى بىلىمسىزلىك بولسا ئاخىرەتتىكى ئەبەدىي ھاياتتا بەخت ـ سائادەتتىن مەھرۇم قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ، ھەممە گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ جامالىغا مۇشەررەپ بولۇشتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ﴿وَمَنْ كَانَ فِي هَذِهِ أَعْمَى فَهُوَ فِي الْآخِرَةِ أَعْمَى وَأَضَلُّ سَبِيلًا﴾ **﴿بۇ دۇنيادا (دىلى) كور بولغان ئادەم ئاخىرەتتىمۇ كور ۋە تېخىمۇ گۇمراھ بولىدۇ﴾**[2] دېگەن ئايەتتىمۇ مۇشۇ دۇنيادا ئېتىقاد ۋە ئىلىم جەھەتتىن كور بولغان كىشىنىڭ ئاخىرەتتىكى گۈزەللىكنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن.

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 5613 ـ ھەدىس.

[2] «ئىسرائ»: 72 ـ ئايەت.

شۇنداق بولغان ئىكەن، بىر مۇئمىن كىشى مىللەتنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئىلىم - مائارىپتا تەربىيەلەپ، روھىي كورلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھىدايەت يولىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ۋاجىپ بولۇشىدا شەك يوق. چۈنكى، جىسمانىي كورنى قىرىق قەدەم يېتىلەپ، يولغا باشلاپ قويسا جەننەت ۋاجىپ بولغانغا قارىغاندا، مىللەتنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرنى تەربىيەلەپ، توغرا يولغا كىرگۈزۈپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ نەچچە مىڭ ھەسسە ياخشىراق ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

3. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا كَانَ أُمَرَاؤُكُمْ خِيَارَكُمْ، وَأَغْنِيَاؤُكُمْ سُمَحَاءَكُمْ، وَأُمُورُكُمْ شُورَى بَيْنَكُمْ فَظَهْرُ الأَرْضِ خَيْرٌ لَكُمْ مِنْ بَطْنِهَا، وَإِذَا كَانَ أُمَرَاؤُكُمْ شِرَارَكُمْ وَأَغْنِيَاؤُكُمْ بُخَلَاءَكُمْ، وَأُمُورُكُمْ إِلَى نِسَائِكُمْ فَبَطْنُ الأَرْضِ خَيْرٌ لَكُمْ مِنْ ظَهْرِهَا».

مەنىسى:

3. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«(دىنى، سىياسىي، ئىجتىمائىي) رەھبەرلىرىڭلار (ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلىرىڭلار) ياخشى كىشلەردىن بولسا، بايلىرىڭلار كۆكسى - قارنى كەڭ سېخىي بولسا، ھەممە ئىشىڭلار كېڭەش ۋە پىكىر بىرلىكى بىلەن بولسا، ئۇ چاغدا سىلەر ئۈچۈن يەرنىڭ ئاستىدىن ئۈستى ياخشىدۇر. ناۋادا باشلىقلىرىڭلار يامان كىشلەردىن بولسا، بايلىرىڭلار بېخىل، چىدىماس بولسا، (سىياسىي، ئىجتىمائىي) ئىشلىرىڭلار ئاياللىرىڭلارنىڭ قولىدا بولسا، ئۇ چاغدا سىلەر ئۈچۈن يەرنىڭ ئۈستىدىن ئاستى ئەۋزەلدۇر»**[1].

شەرھىسى:

سىياسىي ۋە ئىدارىي ئىشلاردا ئەقىل، پىلان، تەدبىر ۋە پىكىرلەر بىر نىشانغا مەركەزلىشىشى لازىم. ئالىملارنىڭ دېيىشىچە، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتا پىلانلىق، تەدبىرلىك، مۇكەممەل يېتىشكەن ئەرلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى، ئەمما ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللار ئىچىدە ئۇنداق سىياسىي تەدبىرلىك ئاياللارنىڭ يوقلۇقى ياكى بار بولسىمۇ بەك ئازلىقى ئىسپاتلانغان. شۇڭا، سىياسىي ۋە ئىدارىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقىنى ئاياللارغا تاپشۇرۇش ياكى ئايال

[1] «تىرمىزىي»، 2266 ـ ھەدىس.

كىشىدەك ئەقلى كەم ئادەملەرگە تاپشۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ پىكرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش مىللەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا، سىياسىي مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم بولۇپ، تۇگەپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ھېكمەتلىكى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە مۇشۇ مەسىلىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ، ئىدارىي ئىشلاردا كۆپنىڭ پىكرى بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇغان، مۇسۇلمانلارغا مەملىكەتنى كېڭەش ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى تاپىلىغان.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

4. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِذَا وُسِّدَ الأَمْرُ إِلَى غَيْرِ أَهْلِهِ فَانْتَظِرِ السَّاعَةَ».

مەنىسى:

4. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئىشلار قابىلىيەتسىز، لاياقەتسىز كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغاندا، قىيامەتنى كۈتكىن (يەنى شۇ مىللەتنىڭ قىيامىتىنى كۈتكىن!)»**[1].

شەرھىسى:

ھەممىدىن مېھرىبان ئاللاھ تائالا بۇ ئالەمنى مۇكەممەل تەرتىپ ـ ئىنتىزام بىلەن يارىتىپ، ئاجايىپ سىرلىق قانۇنىيەت ئۈستىگە بەرپا قىلغان. ھەر مىللەت كىشىلىرىدە، جۈملىدىن ئىسلام مىللىتىدە يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدە يېڭى مەدەنىيەت ۋە تەرەققىيات بەرپا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر سەۋەبلەرنى ۋە ھەممە ئىشقا ياراملىق كىشىلەرنى ياراتقان. ناۋادا بىز مۇسۇلمانلار تەرەققىي قىلمىساق دەيدىكەنمىز، ياراتقۇچى جانابى ئاللاھتىن بىزنى يەر يۈزىگە ئورۇنباسار قىلىشىنى تىلەيدىكەنمىز، ئىشلىرىمىزغا لايىق ئادەملەرنى قويۇپ، يارىماس ئادەملەرنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك. مىللەتنى سۆيۈش روھى ۋە ۋىجدانى بار ھەرقانداق ئادەم جامائەت ئىشلىرىدىن بىرىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى يوقلۇقىنى بىلسە، ئۇ ئىشقا مەسئۇل بولماسلىق ۋە ھوقۇق تۇتماسلىق لازىم. مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى شەخسىي مەنپەئىتىنىڭ ئالدىدا قويۇپ، چىدىماسلىق قىلماي، ۋەزىپىنى قابىلىيەتلىك ۋە لاياقەتلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇشى لازىم. چۈنكى، قەدىمكى زاماندا مۇنقەرز بولغان، سىياسىي مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ھاكىمىيەت

---

[1] «بۇخارىي»، 59 ـ ھەدىس.

ئىشلىرىنى قابىلىيەتسىز، يارىماس ئادەملەرگە تاپشۇرغانلىق سەۋەبتىنلا مۇنقەرز بولغان. پۈتۈن ئالەمنى يوقتىن بار قىلغۇچى، پەرۋەرىشكار جانابى ئاللاھ تائالا بىز ئىنسانلارنى ئومۇمىي ھەمكارلىق قانۇنىيىتى بويىچە بىر جەمئىيەت بولۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى بىرەر ئىشقا يارىملىق، قابىلىيەتلىك قىلىپ ياراتقان. شۇڭا، ياش تالىپلارغا (دىنىي ئوقۇغۇچىلارغا) ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىلىم - پەن ئۆگىنىش لازىم. مەسىلەن، مۇپتى، قازى بولۇشقا لايىق كىشىلەرگە فىقھە، تەفسىر ۋە ھەدىس ئىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، شۇ ساھەدە مۇتەخەسسىسلەشتۈرۈش ھەم شۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەش كېرەك. ئەسكىرىي ئىشلارغا لايىق بولغانلارغا سىياسىي بىلىملەرنى، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ئالاقىدار بىلىملەرنى ئۆگىتىش لازىم.

خۇلاسە كالام، ھەربىرىمىز ياش - ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىلىم - مائارىپ، ھۈنەر - سەنئەت ۋە پەن - تېخنىكا ئۆگەتسەك، ھەر ئىشنى لاياقەتلىك كىشىگە تاپشۇرۇپ، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلساق، يەر يۈزىدە ئاللاھ تائالانىڭ خەلىپىسى بولۇشىمىزدا قىلچە شەك يوق.

**5. عَنْ أَنَسِ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «إِنَّ أُمَّتِي لَا تَجْتَمِعُ عَلَى ضَلَالَةٍ، فَإِذَا رَأَيْتُمُ اخْتِلَافًا فَعَلَيْكُمْ بِالسَّوَادِ الْأَعْظَمِ».**

**مەنىسى:**

5. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئۈممىتىم ئازغۇنلۇق ئۈستىدە بىرلەشمەيدۇ، شۇڭا ھەرقانداق ئىختىلاپنى كۆرسەڭلار، كۆپچىلىكنى چىڭ تۇتۇڭلار»**[1].

**شەرھىسى:**

دىنىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى ياخشى ھەم قابىلىيەتلىك كىشى بولسا، دىن راۋاجلىنىپ، دىنىي ئىشلار تەرەققىي قىلىدۇ؛ ئەگەر قابىلىيەتسىز، دىنغا لايىقىدا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادەملەر دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ قالسا، مىللەت يوقىلىدۇ. شۇڭا، لاياقەتسىز ئادەملەرنى دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىشتىن ساقلىنىڭلار!

[1] «ئىبنى ماجە»، 3950 ـ ھەدىس.

**6. عن أَبِي أَيُّوبَ الْأَنْصَارِيِّ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ فَقَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «لَا تَبْكُوا عَلَى الدِّينِ إِذَا وَلِيَهُ أَهْلُهُ، وَلَكِنِ ابْكُوا عَلَيْهِ إِذَا وَلِيَهُ غَيْرُ أَهْلِهِ».**

**مەنىسى:**

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **«دىنىي ئىشلارنى ئىدارە قىلىشقا لايىق كىشىلەر مەسئۇل بولسا، يىغلىماڭلار. ئەمما، لاياقەتسىز كىشىلەر مەسئۇل بولسا، دىن ئۈچۈن يىغلاڭلار»**[1].

**شەرھىسى:**

دىنىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچىلار ياخشى ھەم قابىلىيەتلىك كىشىلەر بولسا، دىن راۋاجلىنىپ، دىنىي ئىشلار تەرەققىي قىلىدۇ. ناۋادا قابىلىيەتسىز، دىن ئۈچۈن بەك قايغۇرۇپ كەتمەيدىغان ئادەملەر دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ قالسا، مىللەت يوقىلىدۇ. شۇڭا، لاياقەتسىز ئادەملەرنى دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل قىلىشتىن ساقلىنىڭلار.

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 8571 ـ ھەدىس.

**7. عَنْ عَلِيٍّ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «اَلْمُسْتَشَارُ مُؤْتَمَنٌ، فَإِذَا اسْتُشِيرَ فَلْيُشِرْ بِمَا هُوَ صَانِعٌ لِنَفْسِهِ».**

**مەنىسى:**

7. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«مەسلىھەت سورالغۇچى كىشى ئامانەتداردۇر، ناۋادا ئۇنىڭدىن (بىرەر ئىش توغرۇلۇق) مەسلىھەت سورالسا، ئۆزى ئۈچۈن نېمىنى راۋا كۆرسە، شۇ بويىچە مەسلىھەت بەرسۇن!»**[1].

**شەرھىسى:**

مەسلىھەت سورالغۇچى كىشى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنىڭ تەتۈرسىچە مەسلىھەت بېرىپ خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكى، مىللەت ئالدىدا ئىناۋىتىنى تۆكۈۋالماسلىقى لازىم.

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، 2195 - ھەدىس.

**8. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «كُلُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ حَرَامٌ مَالُهُ، وَعِرْضُهُ، وَدَمُهُ حَسْبُ امْرِئٍ مِنَ الشَّرِّ أَنْ يَحْقِرَ أَخَاهُ الْمُسْلِمَ».**

مەنىسى:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بىر مۇسۇلمانغا يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئىززەت – ئابرۇيىغا چېقىلىشى ھارامدۇر، بىر ئىنساننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىشى ۋە كۆزگە ئىلماسلىقى يېتەرلىك يامان ئىشتۇر»**[1].

شەرھىسى:

بىر مۇسۇلمانغا يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى رازىلىقسىز ئېلىۋېلىشى، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ خىجىل قىلىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشى ھالال ئەمەس. بىر بەندىنىڭ بىر مۇسۇلماننى ھاقارەتلىشى ۋە كۆزگە ئىلماسلىقى ئۇنىڭ يامانلارنىڭ قاتارىدا ئورۇن ئېلىشىغا يېتەرلىكتۇر. قىسقىسى، مۇسۇلماننى ئەمەلىي ئۆلتۈرۈش بىلەن ئابرۇيىنى تۆكۈپ مەنىۋى ئۆلتۈرۈش، مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىپ، يوقسۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش گۇناھ جەھەتتە ئوخشاشتۇر. بەلكى، ھاقارەتلەپ مەنىۋى ئۆلتۈرۈش يامانراقتۇر.

[1] «ئەبۇ داۋۇد»، 4882 ـ ھەدىس.

9. عن أبي ذر قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ: «غَيْرُ الدّجّالِ أَخْوَفُ عَلَى أُمّتي مِنَ الدّجّالِ الأئمّةُ المُضلّونَ».

مەنىسى:

9. ئەبـۇ زەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكــى، پەيغەمبــەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېگــەن: **«مېنىڭ ئۈممىتىمگە دەججالدىنمۇ قورقۇنچلۇقراق بىر نەرسە بار، ئۇ بولسىمۇ ئازغۇن يولباشچىلاردۇر»**[1].

شەرھىسى:

ئۈممىتىمنىــڭ پايــدا - زىيىنىنــى بىلىــپ تــۇرۇپ پايدىلىــق سۆزنى دېمىگــەن، ياخشــى يوللارنــى كۆرســىتىپ بەرمىگــەن، بەلكــى ئۇلارنىــڭ ھــەق يولدىــن ۋە توغــرا پىكىردىــن چىقىــپ كېتىشــىگە ســەۋەب بولغــان ئىسلام ھۆكۈمدارلىــرى؛ ئالــلاھ تائالانىــڭ مېھرابىغــا، مۇنبەرلىرىگە ئىگە بولۇۋېلىــپ ۋەز - نەســىھەت قىلمىغان، ھەق يولنى چۈشــەندۈرمىگەن، «قۇرئان»نىــڭ ھۆكمىنــى يەتكۈزمىگــەن ياكــى مۇنبەرنــى باشــقىلارغا بەرمىگــەن ۋە مۇســۇلمانلارنى بىلىمسىز قالدۇرغــان ئىمــام - خاتىپــلار؛ ئاللاھنىــڭ كىتابــى «قۇرئــان» ۋە رەســۇلۇللاھنىڭ ســۈننىتى بــار تــۇرۇپ ئىنســانلار تۈزگــەن كىتابلارنــى يولباشــچى قىلىــپ، ئاللاھنىــڭ بەندىلىرىنــى بىرقانچــە پىرقىگــە بۆلــۈپ پارچىلىغانــلار ۋە دىنىنــى سىياســەتتىن ئايرىغۇچــى باشــلىقلار ھەممىدىــن زىيانلىــق كىشــىلەر بولــۇپ، بــۇلار ئۈممىتىــم ئۈچــۈن دەججالدىنمۇ خەتەرلىكراقتــۇر.

[1] ئەلى مۇتتەقىي ئەلھىندىي: «كەنزۇل ئۇممال»، 29008 - ھەدىس.

10. عَمْرُو بْنَ مُرَّةَ قَالَ لِمُعَاوِيَةَ: يَا مُعَاوِيَةُ إِنِّي سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «مَا مِنْ إِمَامٍ أَوْ وَالٍ يُغْلِقُ بَابَهُ دُونَ ذَوِي الْحَاجَةِ وَالْخَلَّةِ، وَالْمَسْكَنَةِ إِلَّا أَغْلَقَ اللّٰهُ أَبْوَابَ السَّمَاءِ، دُونَ حَاجَتِهِ، وَخَلَّتِهِ، وَمَسْكَنَتِهِ».

مەنىسى:

10. ئەمىر ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇئاۋىيە! مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: **«مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى ياكى ۋالىيسى بولغان كىشىلەر ھاجەتمەنلەرگە ۋە پېقىر – مىسكىنلەرگە ئىشىكنى تاقاپ، ھاجەتمەنلەرگە قۇلاق سالمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاجىتى ۋە پېقىر – مىسكىنلىكىگە ئاسماننىڭ رەھمەت ئىشىكلىرىنى تاقايدۇ»**[1].

شەرھىسى:

ئىسلام ھۆكۈمىتى رەئىسلىرى ياكى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار، ۋالىيلار، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلغۇچىلار ھاجەتمەنلەر ۋە يوقسۇل ـ ئاجىزلار ئۈچۈن ئىشخانىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئوچۇق قويۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشى لازىم. قاتمۇقات ئىشىكلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ، كونا ئاخۇنلارنى ۋە زالىملىق بىلەن داڭ چىقارغان بايلارنىڭ باللىرىنى خەلقنىڭ شىللىسىگە مىندۈرۈپ قويۇپ، مىڭلارچە ئەسكەرنى ئۆزىگە قوغدىغۇچى قىلىۋالسا، ئۇلارغا پۇقرالارنىڭ ھاجەتلىرىنى، مەملىكەتنىڭ ئادالەتسىزلىك ۋە ناھەقچىلىكلەرنى يەتكۈزگىلى ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ پايدىسىغا

[1] «مۇسنەد ئەھمەد»، 18033 ـ ھەدىس.

بىۋاسىتە چېتىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىمۇ ئۇقتۇرغىلى بولمايدۇ؛ ئاخىردا ھۆكۈمەت ئىسلام روھىدىن يىراقلىشىدۇ؛ خەلق ئىچىدە نارازىلىق كۆپىيىپ، ھۆكۈمەت رەئىسى ياكى ۋالىينىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، مىللەتنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، سىياسىي مۇستەقىللىقتىن ئايرىلىپ، يات دۈشمەنلەرگە مەھكۇم بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئىشلارغا سەۋەب بولغان ۋالىيلار ۋە ھوقۇقدارلار ئاللاھ تائالاغا ھاجىتىنى تىلەپ دۇئا قىلسىمۇ، مىللەتنىڭ يوقۇلۇشىغا سەۋەب بولغىنى ئۈچۈن، دۇئاسى مەقبۇل بولمايدۇ، ئاسماننىڭ رەھمەت ئىشىكلىرى تاقىلىپ قالىدۇ.

توققۇزىنچى باب

## سودا – تىجارەت توغرىسىدا

**1. عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «التَّاجِرُ الصَّدُوقُ الْأَمِينُ مَعَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ».**

**مەنىسى:**

1. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«راستچىل، ئامانەتدار تىجارەتچى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېھىتلار بىلەن بىللە بولىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

مىللەتنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىرگە راستچىللىقنى، خىيانەتسىزلىكنى چىڭ تۇتۇپ تىجارەت قىلغان، مىللەتنىڭ ئىقتىسادىنىڭ كۆپىيىشىگە ھەسسە قوشقان، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن كۈچلىنىشىگە ياردەمچى بولغان سودىگەر پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېھىتلار بىلەن بىر دەرىجىدە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ تۆت كىشىنىڭ ئاخىرقى مەقسەت - نىشانى ۋە نىيەتلىرى ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مەقسىتى ئىسلام مىللىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىسلام دىنىنى ۋە ئىسلام ھۆكۈمىتىنى گۈللەندۈرۈشتۇر. پەقەت خىزمەت ئۇسۇلى

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 2143 - ھەدىس.

ئوخشاشمايدۇ. بىرى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىگە نەسىھەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى يەتكۈزسە؛ يەنە بىرى ئۇرۇش قوراللىرىنى تۇتۇپ، جەڭ قىلىپ خىزمەت قىلىدۇ؛ يەنە بىرى مىللەتنىڭ ئىقتىسادىنى كۆپەيتىش يولىدا خىزمەت قىلىدۇ. باغداد خەلىپىلىرى تەرەققىي قىلغان دەۋردە مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئىدىل ـ ئۇرال ئۆلكىلىرىدىكى خام ماددىلارنى باغدادقا ئاپىرىپ، ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە ھەسسە قوشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى ۋە ئىسلامىي ئەخلاقى سەۋەبىدىن بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بولغان ئىدىل ـ ئۇرال تۈركلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشىغا سەۋەب بولدى. شۈبھىسىزكى، مۇشۇنداق سودىگەرلەر پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلار بىلەن بىللە بولىدۇ.

2. عن الْيَسَعَ بْنِ الْمُغِيرَةِ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «الْجَالِبُ إِلَى سُوقِنَا، كَالْمُجَاهِدِ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ، وَالْمُحْتَكِرُ فِي سُوقِنَا، كَالْمُلْحِدِ فِي كِتَابِ اللّٰهِ».

مەنىسى:

2. يەسەئ ئىبنى مۇغىرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**بىزنىڭ بازىرىمىزغا ئاشلىقنى سىرتتىن ئەكېلىپ ساتقۇچى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىغا ئوخشاش بولىدۇ، بىزنىڭ بازىرىمىزدىكى ئاشلىقنى يىغىپ بېسىۋالغۇچى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئىنكار قىلغۇچىغا ئوخشاش بولىدۇ**»[1].

شەرھىسى:

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان. ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلغۇچىلار بولسا، «قۇرئان»غا راست دەپ ئىشىنىپ، كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنغۇچىلار بىلەن باراۋەردۇر. ئەمما، ئومۇم خەلققە لازىم بولىدىغان مال ۋە يېمەكلىكلەرنى يىغىپ بېسىۋېلىپ، ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزگۈچىلەر ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارشى تۇرۇپ خەلققە زىيان سالغۇچىلار بىلەن ئوخشاشتۇر. بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدە بىر قىسىم بېسىمدارلار باركى، خەلققە زۆرۈر يېمەكلىكلەرنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قان ـ تەرى سىڭگەن خام ماللارنىڭ بەدىلىگە ئالغان چاي ۋە گەزلىمە رەختلەرنى دۇكانلارغا بېسىۋېلىپ، بىرقانچە ھەپتە ساتماي تۇرۇپ بازار نەرخىنى قىممەتلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئاسماندىن چۈشكەن باھا مۇشۇ دەپ بىرنى ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە باھاغا ساتىدۇ. مانا بۇلار ئىسلام شەرىئىتىدە تەنقىدلەنگەن بېسىمدارلاردۇر. مەملىكەت پۇقرالىرى زۆرۈر ئېھتىياجلىق يۇڭ، پاختا، تېرە دېگەندەك خام ئەشيالارنى چەتئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ، ئورنىغا يوقسۇل مىللەتكە

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 9717 ـ ھەدىس.

لازىم بولمايدىغان كەمپۈت، ئۈپا، ئەتىرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرگۈچىلەر؛ شۇنىڭدەك مىللەتكە زىيانلىق بولغان هاراق، قارتا، قورچاق، تاماكىدەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگۈچىلەر؛ چىنە - قاچا ۋە گەزلىمە شەپكە قاتارلىق زاۋۇت - فابرىكا ماللىرىنى چەت دۆلەتتىن ئېلىپ كىرىپ، مىللىي هۈنەر - سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولغۇچى سودىگەرلەر مىللەتنى ئىقتىسادىي جەهەتتىن يوقاتقۇچىلاردۇر. بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئوچۇق جىنايىتى سەۋەبلىك ئاللاهنىڭ كىتابىنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولىدىغان خائىنلاردۇر. مىللەت ئۈچۈن كۆيىدىغان سودىگەرلەر بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، مىللەتنى سۆيىدىغان تىجارەتچىلەر مىللەتنىڭ ۋە ئۆز هۆكۈمىتىنىڭ خام ئەشيالىرىنى ئىشلىتىپ ئەرزان مال ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت ۋە فابرىكىلارنى؛ ئادەم كۈچى بىلەن، سۇ كۈچى بىلەن، شامال كۈچى بىلەن ۋە چاقماق كۈچى بىلەن ماڭىدىغان كارخانىلارنى قۇرۇپ، ئىشسىز خەلققە ئىش تېپىپ بېرىدۇ، مىللەتنىڭ هۈنەر - سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە مەدەنىيەتلىشىشىگە هەسسە قوشىدۇ. بىر پۇت[1] يۇڭنى چەتئەلگە ئۈچ سەرگە سېتىپ، شۇ يۇڭدىن ئىشلەنگەن سەكسەن شىلەپىنى 800 سەرگە سېتىۋېلىپ يۇرتىغا ئەكىرىپ ساتقان، بىر تېرىنى چەتئەلگە يېرىم سەرگە سېتىپ، شۇ تېرىدە ئىشلەنگەن بىر ئۆتۈكنى قىرىق - ئەللىك سەر ئالتۇن ياكى قوي بېرىپ سېتىۋېلىپ، ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كىرگەن، ئۆز قېرىنداشلىرىغا قىممەت باهادا سېتىپ، مىللەتنى تالىغان بەندىلەر سودىگەر ئەمەس، بەلكى ئەقلسىز ساراڭلاردۇر ياكى ئۆز مىللىتىگە خىيانەت قىلغۇچىلاردۇر. كۆن چىقىش يۇرتى (يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى) دەك 17 مىليون خەلقى بار، تەبىئىي بايلىقى مول بولغان بىر يۇرت ئۈچۈن هەر خىل كارخانىلار لازىم. بۇلاردىن هەربىر كارخانىچى هېسابسىز پايدا ئالالايدۇ. 17 مىليون خەلق ئۈچۈن بىرەر مەتبە (يەنى باسمىخانا)، مەتبەنى

[1] پۇت: ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر پۇت 16.38 كىلوگىرامغا تەڭ بولىدۇ. مەنبە: «ئۇيغۇر ئىزاهلىق لۇغىتى».

تەمىنلەيدىغـان بىـرەر قەغـەز زاۋۇتــى بولمىسـا، ئىلىـم ـ مائارىپنــى تەرەققىــي قىلدۇرغىلــى بولمايــدۇ. شــۇڭا، بىزگــە قەغــەز زاۋۇتــى لازىــم. بۇنــداق ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشـنى ئەنـە شـۇنداق پۇلـدار، تىجارەتچىلــەر ئۆزلىرىنىــڭ ئــەل ـ ۋەتىنىــى ئالدىدىكــى دىنىــي ۋە مىللىــي بۇرچــى دەپ بىلىشــى كېــرەك.

HAK
HAKSEVER
هەقسۆيەر

**3. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «الدَّنَانِيرُ وَالدَّرَاهِمُ خَوَاتِمُ اللهِ فِي أَرْضِهِ، مَنْ جَاءَ بِخَاتَمِ مَوْلَاهُ قُضِيَتْ حَاجَتُهُ».**

**مەنىسى:**

3. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئالتۇن – كۈمۈش يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ تامغىسىدۇر، بىر كىشى خوجايىنىنىڭ تامغىسى بىلەن كەلسە، ھاجىتى راۋا قىلىنىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

ئىمام غەززالىي ھەزرەتلىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئالتۇن ـ كۈمۈش بازار نەرخىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا قازى ئورنىدا تۇرىدۇ. ناۋادا ئالتۇن ـ كۈمۈش بولمىسا، سودا ئىشلىرى تۇراقسىزلىشىدۇ، بازار باھاسى ئېگىز ـ پەس بولىدۇ. شۇڭا، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى دۆۋىلەپ بېسىۋېلىش شەھەر قازىسىنى قاماپ قويغاندەك بىر ئىشتۇر». يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، مەن ئەھمەد فەرىد ئېيتىمەنكى، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئاللاھنىڭ تامغىسىغا ئوخشايدۇ. بىر كىشى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بېسىۋېلىپ، بازار باھاسىنى ئۆرلىتىۋەتسە، خوجايىنىنىڭ تامغىسىنى ئوغرىلاپ، يوشۇرۇپ قويغاندەك ئىشتۇر. كىمكى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بېسىۋېلىپ، باشقا يەرگە چىقارسا، خوجايىنىنىڭ تامغىسىنى ئوغرىلاپ ساتقاندەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالتۇن ـ كۈمۈش سودا مېلى بولماستىن، بازاردىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى يەنى خەجلىنىدىغان پۇل بولۇشى لازىم.

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، 6507 ـ ھەدىس.

**4. أَبُو الْأَسْوَدِ الْمَالِكِيُّ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَدِّهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مِنْ أَخْوَنِ الْخِيَانَةِ تِجَارَةُ الْوَالِي فِي رَعِيَّتِهِ».**

مەنىسى:

4. ئەبۇلئەسۋەد مالىكىي دادىسىدىن، ئۇ چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئەڭ چوڭ خىيانەت بىر ۋالىينىڭ پۇقرالىرى بىلەن تىجارەت قىلىشىدۇر»**[1].

شەرھىسى:

پادىشاھنىڭ ۋە ۋالىينىڭ ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئادالەت بەرپا قىلىشتۇر. پادىشاھنىڭ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن سودا قىلىشى پۈتۈن خەلقنىڭ پايدىدىن مەھرۇم قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بازارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، پۇقراغا زۇلۇم قىلىش ئادالەتكە زىت ئىشتۇر. ھەممىگە ئايانكى، بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر مۆجىزىسىدۇر. بۇخارا ئېمپىرىيەسى خەلقى بىلەن سودا قىلىپ، ئۇلارغا ھېسابسىز زۇلۇملارنى قىلدى. نەتىجىدە، دۆلەت قولدىن كەتتى. ناپقان پۇللىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھېچقانداق پايدىسى يەتمەستىن، پۈتۈن بانكىلىرى دەھرىيلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۈرۈنقى قەشقەر ۋالىيسىمۇ خەلق بىلەن سودا قىلىپ، پۈتۈن سودىنى ئۆزى ۋە شېرىكلىرىنىڭ قولىدىلا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خەلققە ھېسابسىز زۇلۇملارنى سالدى. ھەتتا، يامانلىققا بۇيرۇيدىغان تويماس نەپسى غالىب كېلىپ، پۈتۈن سودىگەرلەرنى يىپەك ئۇرۇغىدەك بەزى پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ - سېتىشتىن چەكلەپ، ئۆزى ۋە شېرىكلىرى مونوپول قىلىۋالدى. بىر سەرگە ئون سەر پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، شەرقىي تۈركىستاندا

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 7466 - ھەدىس.

تەبىئىي يېپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى چېكىندۈرۈۋەتتى. نەتىجىدە، مىللەت يوقسۇللىشىپ، مىللەتنىڭ قان - يېشى بەدىلىگە قۇرغان دۆلىتى قولدىن كەتتى. شۇڭا، ھازىرقى ۋالىي ۋە ئەمىرلەرمۇ شۇنداق ئىبرەتلىك ئىشلارغا قاراپ، خەلققە زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئاپتوبۇس ۋە ماشىنىلارنى ئېلىپ، پۇقرالىرىغا كىراغا سېتىش ۋالىيلارغا ۋە ئەمىرلەرگە يارىشىدىغان ئىش ئەمەس. مىللەتنىڭ دىنىي، ئىلمىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تۆمۈر يوللار ياسىلىشى، پويىزلار سېلىنىشى، تىراموۋاي ۋە ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇشى كېرەك. مىللەتنىڭ كۆچى يەتمەيدىغان چوڭ كارخانىلارنى ئېچىش، كانلارنى قېزىش ئىشلىرىغا ۋالىيلار ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشى لازىم. لېكىن، مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرى ۋە خەلق ئۈچۈن ھەممىدىن پايدىلىق ئىش بىز تۈركلەر باللىرىمىزنى ھەرقايسى ئەللەرگە ئەۋەتىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئوغۇللىرىمىزنى دۆلەت باشقۇرالىغۇدەك يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈشتۇر. ئوقۇش ئورۇنلىرىغا بالا ئەۋەتىشتە ھۆكۈمەت خادىملىرى بالىنى پالان يەرگە ئەۋەتسەڭ بولىدۇ، پالان يەرگە ئەۋەتسەڭ بولمايدۇ، دەپ پۇقرالىرىغا زۇلۇم قىلماسلىقى، خەلق باللىرىنى ئۆزى خالىغان يۇرتقا ئەۋەتىپ ئوقۇتۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا بىز ئازاد بولۇشىمىز، ۋەتىنىمىز تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. قىسقىسى، ھەممىدىن پايدىلىق تىجارەت ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشتۇر. بۇ، ساۋابى ئەڭ كۆپ، پايدىسى ئەڭ مول تىجارەتتۇر.

**5. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلّى اللّهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ: «مَنِ احْتَكَرَ حُكْرَةً يُرِيدُ أَنْ يُغْلِيَ بِهَا على المسلمين فهو خاطئ وَقَدْ بَرِئَتْ مِنْهُ ذِمّةُ اللهِ وَرَسُولِهِ».**

**مەنىسى:**

5. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى بازار باھاسىنى ئۆرلىتىش ئۈچۈن مونوپولچىلىق قىلسا، خاتا قىلغان بولىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭدىن ئادا – جۇدا بولىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

ئىسلام شەرىئىتىدە قانداق يول بىلەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەتتە بولۇش قەتئىي ھارامدۇر. مەيلى يېمەك - ئىچمەك بېسىمدارلىقى بولسۇن، مەيلى جىنىڭ، تارازا، كەمچىدە خىيانەت قىلىش بولسۇن، ھەممىسى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 9719 - ھەدىس.

**6. عن شرحبيلَ قالَ قالَ رسولُ اللّٰهِ صلى الله عليه وسلم: «مَن تعذّرتْ عليه التجارةُ فعليه بعُمان».**

**مەنىسى:**

6. شۇرەھبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى تىجارەتتە قىينالسا، ئۇممانغا بارسۇن!»**[1].

**شەرھىسى:**

ئۇممان بەسرە قولتۇقىدىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ھىندىستان، ئىران ۋە خىتاي بىلەن تىجارەت قىلىشقا ئەپلىك بىر جايدۇر. بۇ جاي رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە كاپىرلارنىڭ قولىدا بولۇپ، خەلقىمۇ كاپىر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ شەھەرگە بېرىپ، سودا ـ تىجارەت ئىشىكىنى ئېچىشقا بۇيرۇغان. رەسۇلۇللاھ ئۇ يەردە مەسجىد يوق، مۇسۇلمان يوق دېمەستىن، بەلكى ھالال كەسىپ قىلساڭلار، ئىسلام مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم قىلساڭلار، يەر يۈزىنىڭ ھەممىسى مەسجىدتۇر، ھەرقايسى ئورۇنلاردا ئىبادەت قىلساڭلار، ئاللاھ قېشىڭلاردا بار، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېگەننى بىلدۈردى. سەۋەب شۇكى، دىنىنىڭ ھەمىشە مەۋجۇتلۇقى ھەم تەرەققىي قىلىشى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاق بولۇپ، جامائەت ۋە جەمئىيەت ھالىتىدە ھايات كەچۈرۈشىمىزگە، جەمئىيەتنىڭ روناق تېپىشى ئىقتىسادىي كۈچ ۋە سىياسىي بىلىمگە، ئىقتىسادىي كۈچ تىجارەتكە، تىجارەت بولسا ئىلىم ـ مائارىپقا باغلىقتۇر. دېمەك، مۇسۇلمانلار دۇنيا تىجارىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماتېماتىكا، جۇغراپىيە ۋە تىل بىلىملىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ كەسپىيلىششى، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي بىلىملەردىنمۇ خەۋەردار بولۇشى لازىم. ئەپسۇسكى، زامانىمىزدىكى سودىگەرلەر جاھىللىقى ۋە

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 9304 ـ ھەدىس.

تەرەپبازلىقى تۆپەيلى شۇنداق بىلىملەرگە توسالغۇ بولۇپ كەلدى. ئەمدىلىكتە نۇرغۇن تىجارەتچىلەر (ئەلھەمدۇلىللاھ) ھەقىقەتنى چۈشەنمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىن قىزىل ۋە قارا مۇستەبىتلەرنىڭ زەنجىرلىرىنى پۇت ـ قوللىرىدىن ئۈزۈپ تاشلاپ قۇتۇلىدۇ؛ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچىلارنى ئەۋەتىپ، خالىغان مەملىكەتلەرگە بېرىپ، خالىغان بىلىمنى ئۆگىنىدۇ؛ ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەپ، مۇقەددەس دىنىمىزدىن ئايرىلغان پەسكەشلەر بار جايدىن قاچىدۇ؛ مەدەنىي ھايات قايناملىرىغا كىرىپ، ئابىھايات بۇلاقلىرىدىن ئىچىدۇ؛ دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئەتكۈدەك ئەقىلگە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن ئاسىيا تىجارىتىگە قاتنىشىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان كانلارنى ۋە يەر بايلىقلىرىنى تارىخىي دۈشمىنىگە يېگۈزمەي، ئۆز قولى بىلەن تارتىپ ئالغۇسى. تۈركلەر ئۆز ئەۋلادلىرىنى جان ۋە ماللىرىنى تىكىپ قوغدايدۇ. تۈرك خەلقى 1200 يىل مابەينىدە مۇقەددەس ئىمانىنى قانداق ساقلىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇ مۇقەددەس دىنىنى ھەم ۋەتىنىنى جان ۋە قانلىرى بىلەن قوغدايدۇ.

**7. عن أَبِي سَعِيدِ الْخُدْرِيِّ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «أَفْضَلُ الْمُؤْمِنِينَ رَجُلٌ سَمْحُ الْبَيْعِ، سَمْحُ الشِّرَاءِ، سَمْحُ الْقَضَاءِ، سَمْحُ الِاقْتِضَاءِ».**

**مەنىسى:**

7. ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**بىر نەرسە ساتقاندا، سېتىۋالغاندا، قەرز ئادا قىلغاندا ۋە قەرزنى سۈيلىگەندە كەڭ قورساق بولغان كىشى ئەڭ ئەۋزەل مۇئمىندۇر**»[1].

**شەرھىسى:**

مۇسۇلمانلار ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرگۈدەك مۇئامىلىدە بولۇشى لازىم. تىجارەتنىڭ راۋاجى ياخشى مۇئامىلىگە، دۇرۇسلۇققا ۋە خىيانەتسىزلىككە باغلىقتۇر.

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسەت»، 7544 ـ ھەدىس.

**8. عَنْ وَاثِلَةَ بْنِ الْأَسْقَعِ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «مَنْ بَاعَ عَيْبًا لَمْ يُبَيِّنْهُ، لَمْ يَزَلْ فِي مَقْتِ اللّٰهِ، وَلَمْ تَزَلِ الْمَلَائِكَةُ تَلْعَنُهُ».**

مەنىسى:

8. ۋاسىلە ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«كىمكى بىر ئەيىبلىك مالنىڭ ئەيىبىنى دېمەي ساتسا، ئۇ ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ھەمىشە لەنەت ئوقۇيدۇ»**[1].

شەرھىسى:

ئىسلام دىنى ھەربىر مۇسۇلماننى خىيانەت قىلمايدىغان، دۇرۇس، ئىشەنچلىك بولۇشقا، ھەربىر مۇئامىلىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىپىنى، ئابرۇيىنى قوغداشقا بۇيرۇيدۇ. يەنە كېلىپ، تىجارەت ئىشلىرىدا خىيانەت قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ مىللىي ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە لايىق ئەقلى بار بولۇپ، ئالدىنىپ قالماسلىقنى تىرىشىدۇ. بۇ دېگەن تەبىئىي ئىشتۇر. بىر ئادەمنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئادەم ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ يېنىغا بارمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئادەم پەنلىگەن كىشىنىڭ تىجارىتى راۋاج تاپمايدۇ، ئۇنىڭدىن خېرىدارلار قاچىدۇ.

[1] «ئىبنى ماجە»، 2247 ـ ھەدىس.

**9. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ قَالَ رسولُ اللّٰهِ صلى اللّٰه عليه وسلم: «لَا أَشْتَرِي مَا لَيْسَ عِنْدِي ثَمَنُهُ».**

**مەنىسى:**

9. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«يېنىمدا پۇل بولمىسا، ھېچ نەرسە سېتىۋالمايمەن»**[1].

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىس قەرز ئېلىپ بىر نەرسە سېتىۋېلىشنى ياقتۇرمايمەن. سىز ئۇممىتىممۇ زۆرۈر بولۇپ قالمىسا، قەرزگە بوغۇلماڭلار، قولۇڭلاردا بارغا تۇشلۇق ئىش قىلىڭلار. تىجارەت قىلىشقا پۇلۇڭلار ئاز بولسا، ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىركەت قۇرۇپ ئىش قىلىڭلار دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ.

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 2209 - ھەدىس.

**10. عن ابن عمر عَنِ النّبِيّ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ قَالَ: «عجبت لمن يشتري المماليك بماله ثم يعتقهم كيف لا يشتري الأحرار بمعروفه؟ فهو أعظم ثوابا».**

مەنىسى:

10. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**پۇل - مېلىغا قۇل سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتكەن كىشىدىن ئەجەپلىنىمەن. كىشىلەر نېمىشقا ئازاد ئادەملەرنى ياخشىلىق يۈزىسىدىن سېتىۋالمايدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭ ساۋابى چوڭراقتۇر**»[1].

شەرھىسى:

ئىنسانلار نېمىشقا كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، سىياسىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە تىرىكچىلىكنىڭ شەرتلىرىنىمۇ بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشقا تىرىشمايدۇ؟ ھالبۇكى، بۇنىڭ ساۋابى جىسمانىي قۇللارنى ئازاد قىلىشتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر. بۈگۈنكى 20 - ئەسىردىكى ئۇرۇشلار ئىلىم - پەن ۋە تىجارەت ئارقىلىق بولۇۋاتىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار بۇ ئەھۋالنى ھەممىدىن ياخشىراق چۈشىنىشىمىز لازىم. مۇشۇ مەسىلىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن يۈز مىليونلارچە مۇسۇلمانلىرىمىز سىياسىي قۇللۇقتا، نەچچە يۈز مىليون مۇسۇلمانلىرىمىز ئىقتىسادىي قۇللۇقتا ياشىماقتا. مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە كىم بىلەن تىجارەت قىلىش، قانداق ئەھۋالدا تىجارەت قىلىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم. يېمەك - ئىچمەككە دائىر نەرسىلەر بىلەن تىجارەت قىلغاندا «قۇرئان» ھۆكمىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن مىللەت ھالاك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا،

[1] ئالبانىي: «زەئىپۇل جامىئىسسەغىر ۋە زىيادەتۇھۇ»، 3683 - ھەدىس.

«قۇرئان» ھۆكمى بويىچە مۇسۇلمان مىللەتنىڭ قولىدا يەتتە يىل يەتكۈدەك زاپاس يېمەكلىكى بولۇشى، ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئۈچ يىل يەتكۈدەك زاپاس تەمىناتى بولۇشى لازىم.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

ئونىنچى باب

## سالامەتلىكنى ئاسراش توغرىسىدا

**1. عَن ابنِ الْمسيب يَقُولُ: «إِنّ اللّهَ طَيِّبٌ يُحِبُّ الطِّيبَ نَظِيفٌ يُحِبُّ النّظَافَةَ كَرِيمٌ يُحِبُّ الْكَرَمَ جَوَادٌ يُحِبُّ الْجُودَ فَنَظِّفُوا أُرَاهُ قَالَ: أَفْنِيَتَكُمْ وَلَا تشبّهوا باليهود».**

**مەنىسى:**

1. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب رەھىمەھۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: **«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پاكلىقنى ياخشى كۆرىدۇ؛ مەرھەمەتلىكتۇر، مەرھەمەتلىكنى ياخشى كۆرىدۇ؛ سېخىيدۇر، سېخىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ھويلا – ئارانلىرىڭلارنى پاكىز تۇتۇڭلار، يەھۇدىيلاردەك پاسكىنا تۇتماڭلار»**[1].

شەرھىسى:

شەھەرلەردە، كوچىلاردا، ھويلا ـ ئاراملاردا ئەخلەت، نىجاسەتلەر يىغىلىپ تۇرسا، ھەر خىل جانلىقلار، ھاشاراتلار، مىكروبلار پەيدا بولۇپ، ھاۋاغا تارقىلىپ، ئىنسانلار ئارىسىدا ھەر تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقىلىدۇ، سالامەتلىك ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. ئىنسانىيلىقنى ئاساس قىلغان ئىسلام شەرىئىتىدە ئىنسانلارغا زىيانلىق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىشى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى يەھۇدىيلارغا ئوخشايدۇ.

---

[1] تەبرىزىي: «مىشكاتۇل مەسابىيھ»، 4487 ـ ھەدىس.

2. عَنْ أَبِي مَالِكٍ الْأَشْعَرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «الطُّهُورُ شَطْرُ الْإِيمَانِ».

مەنىسى:

2. ئەبۇ مالىك ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر**»[1].

شەرھىسى:

مۇئمىن كىشى ھويلا ـ ئاراملىرىنى، ياتاقلىرىنى، قازان، چۆگۈن، قاچا ـ قومۇچلىرىنى، بەدەنلىرىنى ۋە كىيىملىرىنى پاكىز تۇتۇشى لازىم. بۇ ئىشلارغا رىئايە قىلىش ئىماننىڭ يېرىمى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىشلار ياخشى ئەمەللەردۇر. چۈنكى، بۇ ئىشلار سالامەتلىكنى ساقلاشتا ھەممىگە پايدىلىقتۇر.

[1] «مۇسلىم»، 223 ـ ھەدىس.

**3. عن أَبِي هُرَيْرَةَ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «إِذَا اسْتَيْقَظَ أَحَدُكُمْ مِنْ نَوْمِهِ، فَلَا يُدْخِلْ يَدَهُ فِي الْإِنَاءِ حَتَّى يَغْسِلَهَا ثَلَاثَ مَرَّاتٍ، فَإِنَّ أَحَدَكُمْ لَا يَدْرِي أَيْنَ بَاتَتْ يَدُهُ».**

**مەنىسى:**

3. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«بىرىڭلار ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، قولىنى ئۈچ قېتىم يۇمىغۇچە قاچىغا تىقمىسۇن. چۈنكى، ئۇ قولىنىڭ نەدە قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

بۇرۇنقى زاماندا ئەرەبلەردە چۈگۈن، ئاپتۇۋا، ئۇشۇقتەك تاھارەت ئالىدىغان قاچىلار كۆپ ئەمەس. ئادەتتە ئۇلار كاساڭ ۋە داستەك قاچىلارنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، پۇت - قوللىرى ۋە يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇشتا سۇنى قولى بىلەن ئالاتتى. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: «ئۇيقۇدىن قوپقان كىشى قولىنى يۇماي تۇرۇپ شۇنداق قاچىلارغا تىقمىسۇن» دېمەكتۇر. چۈنكى، قولدا ھەر تۈرلۈك مىكروبلار بولۇپ، تۈرلۈك كېسەللەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

---

[1] «ئەبۇ داۋۇد»، 105 ـ ھەدىس.

**4. عن أَنَسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ: «أَكْثَرْتُ عَلَيْكُمْ فِي السِّوَاكِ».**

**مەنىسى:**

4. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**مسۋاك ئىشلىتىشنى سىلەرگە كۆپ تاپىلىدىم**»[1].

**شەرھىسى:**

مىسۋاك ئىشلىتىش چىشنى تازىلاپ، ئېغىزنى سېسىق پۇراقتىن خالاس قىلىدۇ، چىشنى قۇرت يەپ كېتىشتىن ساقلايدۇ، چىش ۋە ئېغىزنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلايدۇ. ئېغىز ۋە چىشنىڭ سالامەتلىكى ئاشقازاننىڭ سالامەتلىكىگە، ئاشقازاننىڭ سالامەتلىكى پۈتۈن بەدەننىڭ سالامەتلىكىگە سەۋەب بولىدۇ.

[1] «بۇخارىي»، 888 ـ ھەدىس.

5. عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ: «عَشْرٌ مِنَ الْفِطْرَةِ: قَصُّ الشّارِبِ، وَإِعْفَاءُ اللِّحْيَةِ، وَالسِّوَاكُ، وَاسْتِنْشَاقُ الْمَاءِ، وَقَصُّ الْأَظْفَارِ، وَغَسْلُ الْبَرَاجِمِ، وَنَتْفُ الْإِبِطِ، وَحَلْقُ الْعَانَةِ، وَانْتِقَاصُ الْمَاءِ».

**مەنىسى:**

5. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ سۈننەت ھېسابلىنىدىغان ئون تۈرلۈك ئىش بار. ئۇلار: بۇرۇتنى قىسقارتىش، ساقالنى تولۇق قويۇش، ئېغىزنى مسۋاك بىلەن تازىلاش، بۇرۇننى سۇ بىلەن چايقاش، تىرناقنى ئېلىش، پۇت – قولنىڭ بارماق ئارىلىرىنى يۇيۇش، قولتۇق تۈكىنى يۇلۇش، جىنسىي ئەزانىڭ تۈكىنى چۈشۈرۈش، سۇدا ئىستىنجا قىلىش قاتارلىقلاردۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

ئەڭ مېھرىبان ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ دىللىرىنى بۇزۇق ئەقىدىلەردىن پاكلاپ، ئەزالىرىنى ۋە پۈتۈن بەدەنلىرىنى ھەر خىل ئاغرىقلاردىن ساغلام ياراتقان. مۇئمىنلەرنىڭ مەزكۇر 10 تۈرلۈك ئىشنى قىلىشى ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە مۇۋاپىق ھەم تۇغما تەبىئىتىگىمۇ ئۇيغۇندۇر.

بەندە ئۆزىنىڭ ساغلام تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بولغان بۇ 10 تۈرلۈك ئىشنى ياقتۇرۇپ قىلىشى كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەملىككە يېتىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ ئىشلارنى قىلمىغاندا، ھەر تۈرلۈك كېسەللەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بۇرۇت ئېغىزغا كىرىپ تۇرسا، بۇرۇندىن چىققان ماڭقا ۋە باشقا زىيانلىق مىكروبلار ئېغىزغا كىرىپ كېتىپ، سالامەتلىككە زىيان سېلىشى مۇمكىن. تىرناق ۋە باشقىلىرىمۇ شۇنداق.

[1] «مۇسلىم»، 261 ـ ھەدىس.

6. عن الْمِقْدَامِ بْنَ مَعْدِي كَرِبَ الْكِنْدِيّ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ يَقُولُ: «مَا مَلَأَ آدَمِيٌّ وِعَاءً شَرًّا مِنْ بَطْنِهِ حَسْبُ ابْنِ آدَمَ ثَلَاثُ أَكَلَاتٍ يُقِمْنَ صُلْبَهُ، فَإِنْ كَانَ لَا مَحَالَةَ فَثُلُثٌ طَعَامٌ وَثُلُثٌ شَرَابٌ وَثُلُثٌ لِنَفْسِهِ».

مەنىسى:

6. مىقدام ئىبنى مەئدىي كەرىب ئەلكىندىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«ئادەمزات قورسىقىدىنمۇ يامانراق بىر قاچىنى تولدۇرغىنى يوق. ئەسلىدە ئادەمگە ھاياتىنى ساقلىيالىغۇدەك بىرقانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ. ناۋادا كۆپرەك يېمىسە بولمايدىغان ئىش بولسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تاماق يېسۇن، ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن، قالغان ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىش ئۈچۈن بوش قويسۇن!»**[1].

شەرھىسى:

ئىنسان سالامەتلىكى ئۈچۈن ئاز تاماق يېيىشى، ھېچ بولمىغاندا ئاشقازانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى بىكار قويۇشى لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئاشقازان جايىدا ھەرىكەتلىنەلمەي، تاماقنى ئوبدان ھەزىم قىلالماي قالىدۇ. سىڭمىگەن تاماقنىڭ ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرۇشى ئاشقازانغا ئېغىر كېلىپ، مەيدە ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ ۋە ئاخىر ئۆلتۈرىدۇ.

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 7945 ـ ھەدىس.

**7. عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّٰى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «لَا تُكْرِهُوا مَرْضَاكُمْ عَلَى الطَّعَامِ، فَإِنَّ اللّٰهَ يُطْعِمُهُمْ وَيَسْقِيهِمْ».**

**مەنىسى:**

7. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كېسەللىرىڭلارنى تاماققا زورلىماڭلار، چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، سۇغىرىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

ئاللاھ تائالا ئىنساننى چىرايلىق قامەتتە يارىتىش بىلەن بىرگە ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەبىئىتىدە كۈچ - قۇۋۋەتمۇ ياراتتى. ئۇلاردا ئاش - تاماقنى ئىشتىھا قىلىش ۋە تاماق سىڭدۈرۈش قۇۋۋىتى، يېمەك - ئىچمەكنىڭ غەلىدى - غەشلىرىنى ئارقا تەرەپتىن چىقىرىش قۇۋۋىتى قاتارلىق قانۇنىيەتلەر بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان. ئەگەر ئىنساندا يېمەك - ئىچمەكنى سىڭدۈرۈش قۇۋۋىتى بولمىسا، ئىشتىھا بولمايدۇ. ناۋادا بىر كىشى تاماققا كۆڭلى تارتماي تۇرۇپ زورلاپ يېسە، كېسەللى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، كېسەل ئادەم تاماقنى خالىمىسا، ئۇز ئىختىيارىغا قويۇش لازىم. جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا روھىي قۇۋۋەت بېرىلىدۇ.

---

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 1296 - ھەدىس.

**8. عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَا تُدِيمُوا النَّظَرَ إِلَى الْمَجْذُومِينَ».**

**مەنىسى:**

8. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«جوزام كېسىلگە گىرىپتار بولغانلارغا كۆپ قارىماڭلار!»**[1].

**شەرھىسى:**

بەدەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئادەتتە روھانىي قۇۋۋەت بەدەنگە تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەمنىڭ يەردە ماڭىدىغان ئىككى قەدەم ئارىلىقى بىر گەزدىن كەڭ بولمايدۇ. ھالبۇكى، بىر گەز كەڭلىكتىكى تام ئۈستىدە ماڭغان ئادەم يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئەنسىرىسە، بۇ روھىي قۇۋۋەت بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە پۈتنى جايىدا يۆتكىيەلمەي، يىقىلىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭدەك، جوزام كېسىلى ۋە كۆز ئاغرىقىدەك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارغا تىكىلىپ قارىغان ئادەمدە مەنىۋى تەسىر پەيدا بولۇپ، بۇ تەسىر روھانىي قۇۋۋەتكە يۆتكىلىدۇ ـ دە، «مەنمۇ شۇنداق ئاغرىپ قالارمەنمۇ؟» دېگەن روھانىي قۇۋۋەتنىڭ بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ساق ئادەممۇ جوزام كېسىلگە گىرىپتار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە مەرھەمەت قىلىپ، ئەنە شۇنداق يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بۇيرۇغان. يەنە بىر ھەدىس شېرىپتە: «جوزام كېسىلىدىن يولۋاستىن قاچقاندەك قېچىڭلار!»[2] دېيىلگەن. ياۋروپانىڭ ھازىرقى زامان مىكروبشۇناسلىرى بۇ ھەدىستىكى جوزام كېسىلىنىڭ يولۋاسقا ئوخشىتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ، جوزام

[1] «ئىبنى ماجە»، 3534 ـ ھەدىس.

[2] بەيھەقىي: «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، 14245 ـ ھەدىس.

مىكروبنى مىكروسكوپ بىلەن كۆزەتكەندە، جوزام مىكروبىنىڭ بەئەينى يولۋاس سۈرىتىدە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ھېكمەتلىك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى نامايان بولغان.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**9. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللّٰهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «غَطُّوا الْإِنَاءَ، وَأَوْكُوا السِّقَاءَ، فَإِنَّ فِي السَّنَةِ لَيْلَةً يَنْزِلُ فِيهَا وَبَاءٌ، لَا يَمُرُّ بِإِنَاءٍ لَيْسَ عَلَيْهِ غِطَاءٌ، أَوْ سِقَاءٍ لَيْسَ عَلَيْهِ وِكَاءٌ، إِلَّا نَزَلَ فِيهِ مِنْ ذَلِكَ الْوَبَاءِ».**

**مەنىسى:**

9. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«قاچىلىرىڭلارنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇڭلار، تۇلۇمۇڭلارنىڭ ئاغزىنى چىگىڭلار، ھەر يىلدا بىر كېچە بولۇپ، ئۇ كېچىدە ئاسماندىن ۋابا چۈشىدۇ. شۇ كېچىدە ئوچۇق قالغان قاچىلار بولسا، ئۇنىڭغا ۋابا چۈشىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەتقىقاتلىرىدا ئىسپاتلىنىشىچە، ۋابا كېسىلى، تەپ كېسىلى (قىزىتما - خولېرا) قاتارلىقلار ھاۋادا ئۇچۇپ ياكى سۇدا ئۈزۈپ يۈرىدىغان جانلىق مىكروبلار سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ھاۋادا ۋە سېسىق سۇلاردا ھايات كەچۈرىدىغان ناھايىتى كىچىك جانلىقلار بار. ئۇلار كىچىكلىكىدىن كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بۇ جانلىقلار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن «مىكروب» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مىكروبلار ھاۋا ياكى سۇ ئارقىلىق كىشىدىن كىشىگە يۇتكىلىپ، ئىنساننىڭ بەدىنىگە كىرىپ، تۇخۇملاپ كۆپىيىدۇ، ئىنسانلارنىڭ كېسەل بولۇشىغا ھەتتا ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ھېكمەتلىكى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق دەۋرىدە

[1] «مۇسلىم»، 2014 - ھەدىس.

بۇ مىكروب جانلىقلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان مىكروسكوپ يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ شۇ چاغدا ئېيتقان سۆزىنىڭ ھازىرقى ئىلىم ـ پەنگە مۇۋاپىق كېلىشى بىر مۆجىزىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىس شېرىپتە: «ئاقمايدىغان، ئاز سۇدىن ئىچمەڭلار ۋە ئۇنداق سۇدا يۇيۇنماڭلار» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاز، ئاقمايدىغان سۇدا «ھىندىستان ۋاباسى» دېيىلىدىغان تەپ كېسىلى (قىزىتما ـ خولېرا) نىڭ، بىلھادسىيە (قان سىيىش كېسىلى) نىڭ مىكروبلىرى بار بولۇپ، شۇ سۇنى ئىچكەن ياكى ئۇنىڭدا يۇيۇنغان ئادەمنىڭ بەدىنىگە مىكروبلار كىرىپ، تۇخۇملاپ كۆپىيىدۇ. مەزكۇر ئۇچ خىل مىكروبتىن بىرەرسى ئادەم بەدىنىگە كىرىپ قالسا، قورقۇنچلۇق كېسەللەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئاقمايدىغان سۇدىكى بىلھادسىيە مىكروبى بەدەنگە كىرىپ قالسا، ئومۇرتقا تومۇرلىرىدا ئورۇنلىشىپ، قان ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ ۋە تۇخۇملايدۇ، نەتىجىدە ئىنساندا قان سىيىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئادەم سۇغا سىيسە، مىكروبلارنىڭ تۇخۇمى سۈيدۈك بىلەن سۇغا چۈشۈپ تارقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى كىچىك بىر جانلىق چىقىدۇ، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، مىكروسكوپ بىلەن كۆزەتكەندە، چايان شەكلىدىكى بىر جانلىق ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇ جانلىق سۇنىڭ جىمجىت تۇرغان چېتىگە ئورۇنلىشىپ، ھايات كەچۈرىدۇ. ئانىسىغا ئوخشاش بىر ئانا بولىدۇ. ناۋادا ئىنسانلار شۇ سۇدا يۇيۇنسا ياكى ئىچسە، مەزكۇر جانلىق بەدەنگە كىرىپ، ئانىسىدەك ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئادەمدىن ئادەمگە كۆچىدۇ.

سۇدىن تارقىلىدىغان كېسەللەردىن يەنە بىرى «ئەنگىلىستما» كېسىلى بولۇپ، بۇ كېسەلمۇ بىر خىل مىكروب سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ. بۇمۇ دادا ـ ئانىسى بار، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كىچىك قۇرتتۇر. بۇ قۇرت ئىنساننىڭ بەدىنىگە كىرسە، ئىنچىكە تومۇرلىرىدا ھايات كەچۈرىدۇ. ئەركەك بىلەن چىشىسى بىرلەشكەندىن كېيىن، تۇخۇم چىقىرىپ كۆپىيىدۇ. نەتىجىدە، شۇ كىشىدە «ئەنگىلىستما» كېسىلى پەيدا بولىدۇ. ئاندىن قان ئازلىق پەيدا بولۇپ، يۈزى

ئاقىرىپ، قورۇق چۈشىدۇ، ئىككى مەگزىدىن قان ئازلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، ھەرقانداق ئىش قىلسا، پۇت ـ قولى ئېغىرلىشىپ، بېشىدا ھەم تىزىدا زىڭىلداش پەيدا بولىدۇ، ھەزىم قۇۋۋىتىدە ناچارلىشىش كۆرۈلىدۇ. ناۋادا بۇنداق ئادەمنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرىتى سۇغا چۈشسە، مىكروب تۇخۇمى تەرەتكە قوشۇلۇپ سۇغا چۈشكەندىن كېيىن تۇخۇمدىن بالىسى چىقىدۇ. مىكروبنىڭ بالىسى سۇدا بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، بىرەر كىشى شۇ سۇدىن ئىچسە ياكى يۇيۇنسا ياكى كۆكتات، سەۋزىدەك نەرسىلەرنى يۇسا، مەزكۇر مىكروب ئىنسانىنىڭ بەدىنىگە كىرىپ، «ئەنگىلىستما» كېسىلى پەيدا بولىدۇ. شۇ كېسەلدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھېكمەتلىك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە تاپىلاپ: «ئاقمايدىغان، كىچىك كۆللەردىن سۇ ئىچمەڭلار، ئۇنىڭدا غۇسۇل قىلماڭلار، كىچىك ـ كۆنىدۈز سۈيەت ـ قاچىلىرىڭلارنى يۆگەپ قويۇڭلار، ئىچىدىغان سۇ ۋە ئاشلىرىڭلار بولسا، ئاغزىنى يېپىپ قويۇڭلار» دېگەن.

**10. عَنْ جَابِرٍ: «عَنْ رَسُولِ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ نَهَى أَنْ يُبَالَ فِي الْمَاءِ الرَّاكِدِ».**

**مەنىسى:**

10. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: **«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇرغۇن سۇغا سىيىشتىن چەكلىگەن»**[1].

**شەرھىسى:**

بۇ ھەدىسنىڭ سۆزلىنىشىنىڭ بىر قىسىم ھېكمەتلىرىنى ئالدىنقى ھەدىستە سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىنسانلارغا زىيان سالىدىغان ھەرقانداق ئىش مەنئىي قىلىنىدۇ ۋە ئەيىبلىنىدۇ. شۇڭا، ھېكمەتلىك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا يۇقۇملۇق كېسەل پەيدا قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن بىزنى توستى. بۇ ھەدىسكە قارىغاندا، سۇغا سىيىش جائىز بولمىغاندەك، سۇغا ھەر خىل تېزەك ۋە ئەخلەتلەرنى تاشلاشمۇ توغرا ئەمەس. ئېشەك ۋە مۈشۈكتەك ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى يەرنى كولاپ كۆمۈۋېتىش كېرەك. ئۇچۇق يەردە قالسا، ھەر خىل زىيانلىق مىكروبلار پەيدا بولۇپ، ھاۋاغا تارقىلىدۇ؛ نەپەسلىنىش ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە كىرىپ، ھەر خىل كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. ھاجەتخانىلاردىكى پېشابلارنى قۇرۇق توپا بىلەن كۆمۈۋېتىش لازىم. چۈنكى، پېشابلارغا چىۋىن قونۇپ، زىيانلىق مىكروبلارنى تېنىگە يېپىشتۇرۇۋالىدۇ، ئاندىن چىۋىن ئادەم تېنىگە ياكى يېمەكلىككە قونسا، مىكروبلار ئادەمنىڭ تېنىگە ئۆتۈپ، ساغلام كىشىلەردىمۇ كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. ئىچ سۈرۈش مىكروبى ئادەملەرنىڭ تەرىتىدىن تارقىلىپ، چىۋىن ئارقىلىق كۆچۈپ، باشقا ئادەملەردە شۇ خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ. قىزىش كېسەللىكنى پەيدا قىلىدىغان مىكروب بىمارنىڭ

[1] «مۇسلىم»، 281 ـ ھەدىس.

تەرتى، بەلغەمى ۋە تىنىقى ئارقىلىق ھاۋا ۋە باشقا ھاشاراتلارنىڭ ۋاستىسىدە تارقىلىپ، باشقا كىشىلەردىمۇ شۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. خولېرا كېسىلىگە مۇناسىۋەتلىك مىكروبلار چىۋىن، پاشا قاتارلىق ھاشاراتلار ئارقىلىق تارقىلىپ، شۇ خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ.

ھايۋانات مىكروبلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ھەر خىل مىكروبلار چىۋىننىڭ تۇمشۇقى ۋە قانىتىدا 17 سائەت تىرىك تۇرىدۇ، يەنە بەزىلىرى چىۋىننىڭ تېنى ئىچىدە تۇرۇپ كېسەللىك تارقىتىدۇ. سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ بەلغەمى تەركىبىدە سىل مىكروبى بولۇپ، چىۋىن بەلغەملەرگە قونغاندىن كېيىن مىكروب چىۋىننىڭ تېنىگە ئۆتۈپ بەش كۈن ھايات كەچۈرىدۇ. مۇشۇ جەرياندا چىۋىن قونغان بارلىق يېمەكلىكلەر سىل كېسىلى مىكروبى بىلەن يۇقۇملىنىدۇ، شۇ يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغان كىشىلەردىمۇ مەزكۇر كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەم ۋە ھايۋاناتلار ئىستېمال قىلىدىغان ئىچىملىك ۋە ئېقىن سۇلارغا ھەر خىل كىرەكسىز نەرسىلەرنى، ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى، پېشابلارنى تاشلاش، ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ئوچۇق قويۇش ئىسلام شەرىئىتىدىمۇ چەكلەنگەن ئىشتۇر.

**ئاگاھلاندۇرۇش!**

بۇ مىكروبلار پەقەت چىۋىن ئارقىلىقلا تارقالمايدۇ، بەلكى پىت، بۈرگە، پاشا قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار ئارقىلىقمۇ تارقىلىپ، ئىنسانلاردا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ھەممەيلەن بىردەك زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشىمىز، مۇھىتىمىزنى ياخشىلىشىمىز، ئائىلە ۋە شەخسىي تازىلىقىمىزغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئون بىرىنچى باب

## ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش توغرىسىدا

**1. عن بكر بن عبد الله بن الربيع الأنصاري عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «عَلِّموا أَوْلادكم السِّبَاحَةَ وَالرِّمَايَةَ ونِعْمَ لَهْوُ الْمُؤمنَةِ في بَيتها الْغَزْلُ، وإِذَا دَعَاكَ أَبوَاك فَأَجِب أُمَّكَ».**

**مەنىسى:**

1. بەكرى ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىئ ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بالىلىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى، ئوق ئېتىشنى ئۆگىتىڭلار. مۇئمىن ئايالنىڭ ئۆيىدە يىپ ئېگىرىشى نېمىدېگەن ياخشى ئىش. ئاتا – ئاناڭ تەڭلا چاقىرسا، ئاۋۋال ئاناڭنىڭ چاقىرىقىغا ئىجابەت قىل!»**[1].

**شەرھىسى:**

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ يۈزەكى مەنىسىگە قاراپلا مۇنداق دېيىشىڭلار مۇمكىن: بۇ ھەدىستىكى جۈملىلەر ئارىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟ نېمىشقا بالىلارغا ئوق ئېتىشنى ئۆگىتىشنىڭ گېپىنى قىلىۋېتىپ، خوتۇنلارنىڭ يىپ ئېگىرىدىغان چاقىسىنى ماختايدۇ؟ ئارقىدىنلا ئاتا ـ ئانىنىڭ چاقىرىقىغا جاۋاب بېرىش توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ؟ بۇ ئۈچ مەزمۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 15569 ـ ھەدىس.

ئازراق كاللا يۈگۈرتۈپ، دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، بۇ ھەدىس شېرىپىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى ئىكەنلىكىنى؛ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىشىمىزگە سەۋەب بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىتىدىغان كۆللىي قائىدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس شېرىپتە بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادا تىنىچ، خاتىرجەم ياشىشىمىز ئۈچۈن، مىللىتىمىزنى ۋە دىنىمىزنى ساقلاپ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ رازىلىقىغا يارىغۇدەك بەندە بولۇشىمىز ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا ھەربىي كۈچ تەييارلىشىمىز لازىملىقىنى؛ باشقا مىللەتلەرگە ئىقتىسادىي قۇللۇققا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن مىللىي ھۈنەر - سانائىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىملىقىنى؛ ئىجتىمائىي ھەم سىياسىي ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىشىمىز ئۈچۈن مىللىي تەربىيە ۋە ئۆرپ - ئادەتكە بەكمۇ ئېتىبار بېرىشىمىز لازىملىقىنى؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلار تەربىيەسىنى، ئانا تىلنى، ئانىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئاساس قىلىشىمىز، ئانا تەربىيەسىنى مۇقەددەس بىلىشىمىز، شۇنىڭغا ئاساسەن ئاتىلاردىن بۇرۇن ئانىلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمىز لازىملىقىنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن، ئۆزى قىسقا، مەزمۇنى مول بىر جۈملە سۆز بىلەنلا ئىپادىلەپ، بىزگە كۆللىي قائىدە قىلىپ قالدۇرغان. مەزكۇر ئۈچ مەسىلىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قارىشىمىزنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس شېرىپتە ھەممىنى جەملەپ سۆزلىگەن.

يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئۇلۇغ ھەدىس بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت - سائادىتىمىز ۋە مەقسەتكە يېتىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك تەلىمدۇر. ناۋادا بالىلىرىمىزغا ئۇرۇش تېخنىكىسى ۋە جەڭ بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، ھەممە ئىشلىرىمىزنى دىنىي روھ ۋە مىللىي تەربىيە بىلەن مۇكەممەللەشتۈرسەك، پەرزەنتلىرىمىزگە زامانغا ماس ئەسكىرىي

تەلىم ـ تەربىيەلەرنى بەرسەك، تەۋھىد بايرىقى ئاستىدا بىرلەشكەن ئەسكىرىمىز جاھاننى تىترىتەر ئىدى. ئالدىمىزدىن ۋە ئارقىمىزدىن تاجاۋۇز قىلىپ دىنىمىزنى ۋە بىزنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان زالىملاردىن قۇتۇلار ئىدۇق. ئۇلارمۇ بىزنى قول قىلىش خىيالىدىن ۋاز كېچەر ئىدى. ئەگەر باللىرىمىز دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيە جەڭچىلىرى بولۇپ تەربىيەلەنسە، دۈشمەنلەرنىڭ بىز مۇسۇلمانلارغا دېڭىزدىن ۋە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقماس ئىدۇق. ئۆزىمىزمۇ، بىز ياشاۋاتقان دۇنيامۇ تىنچ بولار ئىدى. ئەگەر خوتۇن ـ قىزلىرىمىزغا مىللىي سانائىتىمىزنى ئۆگىتىپ تەرەققىي قىلدۇرساق، ھەممىسى يىپ ئېگىرەلەيدىغان ۋە توقۇيالايدىغان بولسا، ئەسۋاب ـ سايمانلىرىمىز زامانىۋىلاشسا، مىللىتىمىزنىڭ ھەر ئائىلە ئەزاسى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتقا تايىنىپ مۇستەقىل ھايات كەچۈرەر ئىدى. ياۋروپا سانائەت ماللىرىغا ھاجىتىمىز چۈشمەي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازاد بولار ئىدۇق. خوتۇن ـ قىزلىرىمىز ھەممىسى تۇرمۇشىمىزغا ياردەمچى ھەم كامىل ئەخلاقلىق بولار ئىدى.

ئىنسانىنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ ئاساسى ئەخلاق تەربىيەسىدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بايلىقى شۇنىڭ بىلەندۇر. ئەگەر خوتۇنلىرىمىزدا دىنىي روھ ۋە مىللىي تەربىيە بولسا ئىدى، باللار ئانا تەربىيەسىدە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىنىپ، ئانىلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى دەپ تونۇسا ئىدى، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنى مۇقەددەس بىلىپ، ياۋروپاغا ئەگىشىشتىن ۋە تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلار ئىدۇق؛ ئەخلاق تەربىيەسىدە، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇكەممەللىككە يەتكەن بىر مىللەت بولار ئىدۇق. ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ﴾ **﴿سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾**[1] دېگەن ئۇلۇغ ئايەتكە مۇۋاپىق يەر يۈزىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولار ئىدۇق.

[1] «ئال ئىمران»: 110 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، مەزكۇر ئۈچ ئىشنى بىرگە ئالاھىدە تاپىلىغان. چۈنكى، باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ، تىنىچ ياشىشىمىز ئۈچۈن، ھەر دائىم كۈچلۈك بولۇپ، ھەرقانداق ئۇرۇشقا تەييار تۇرۇشىمىز لازىم. باشقا مىللەتلەرگە ئىقتىسادىي قۇل بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىللىي ھۈنەر ـ سانائىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، چەتئەللەر بىلەن سودا قىلغاندا مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ھەرقانداق شەخسىي مەنپەئەتتىن يۇقىرى ئورۇندا قويۇش لازىم.

مىللىي تىلنى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتنى، مىللىي ھەم دىنىي ئەخلاقنى ساقلاشتا ئانىلار ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە باشقا مىللەتلەرگە يەم بولۇپ كەتمەسلىكىگە ئانىلار تۇغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتنىڭ پەرزەنتلىرى ھەممىدىن بەك ئانىسىغا ھۆرمەت قىلىشى، ھەممىدىن بۇرۇن ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشى ۋە ئانىنى دورىشى لازىم.

**2. عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَنْ قَاتَلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللّٰهِ هِيَ العُلْيَا فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ».**

مەنىسى:

2. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**كىمكى ئاللاھنىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئۇ كىشى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ**»[1].

شەرھىسى:

ئىسلام يولىدا قىلىغان ھەرقانداق ئىش نىيەتكە باغلىق. جەڭچىلەر ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۈستۈن قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇرۇش قىلسا، بۇ ئۇرۇش ئاللاھ يولىدا ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇنىڭغا تۇشلۇق ئەجىر بولىدۇ. ئەگەر دىن ئۈچۈن بولماي، باشقا مەقسەتتە بولسا، بۇ ئۇرۇش دۇنيالىق ئۈچۈن بولىدۇ. ئىككى بۆلەك مۇسۇلمانىنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى مەيلى قانداق نىيەتتە بولسۇن، ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش دېيىلمەيدۇ (يەنى ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇش دېيىلمەيدۇ). مەزكۇر ئىككى بۆلەك مۇسۇلمانىنىڭ قايسى تەرىپىدە كاپىر ئارىلاش بولسا، شۇ تەرەپنىڭ باتىللىقى ئاشكارا بولۇپ، بۇ تەرەپتە ئۇرۇش قىلغۇچىلار «ھەق تەرەپكە قارشى زالىم گۇرۇھ» ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەپتە ئۆلگەنلەرمۇ شېھىت ھېسابلانمايدۇ. بەلكى، كاپىرلار بىلەن بىللە تۇرۇپ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەن، چوڭ جىنايەت سادىر قىلغانلارنىڭ قاتارىدا ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. بۇنداق گۇرۇھقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭمۇ ئىمان بىلەن كېتىشى گۇمانلىقتۇر (ئاللاھ ساقلىسۇن). كاپىرلار ئارىلاش تەرەپتىكى

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 2810 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 1904 ـ ھەدىس.

HAKSEVER

مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان سەپتىكىلەر ھەق تەرەپتە ھېسابلىنىدۇ، ئۆلگەنلىرى شېھىت، قالغانلىرى غازى بولىدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**3. قَالَ عُثْمَانُ بْنُ عَفَّانَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «حَرَسُ لَيْلَةٍ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ أَفْضَلُ مِنْ أَلْفِ لَيْلَةٍ يُقَامُ لَيْلُهَا، وَيُصَامُ نَهَارُهَا».**

مەنىسى:

3. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **«ئاللاھ يولىدا بىر كېچە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىش كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزگەن مىڭ كېچىدىن ئەۋزەلدۇر»**[1].

شەرھىسى:

ئۇرۇش مەزگىللىرىدە دىنىغا ياكى مىللىتىگە كۆيۈنۈپ، مىللەتداشلىرىنى قوغدىغان ئادەم ئەڭ ياخشى ئادەمدۇر. ئۇرۇش مەزگىللىرىدە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىش، قورال - ياراغ جابدۇقلارغا ۋە ھەر خىل ئۇرۇش قوراللىرىغا قاراش ئىشلىرى مىللەتنىڭ ساداقەتمەن ئادەملىرىگە تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئىشلار تاپشۇرۇلغانلار بەختلىك كىشىلەردۇر. بۇنداق خىزمەتلەر تاپشۇرۇلغان ئادەم مىللىتىگە خىيانەت قىلماي، ۋەزىپىسىنى لايىقىدا ئادا قىلسا، بۇ ئۇلۇغ ئىبادەت ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھېسابسىز ئەجىر ئاتا قىلىشىدا قىلچە شەك يوق.

---

[1] ھاكىم: «مۇستەدرەك»، 2426 - ھەدىس.

**4. عن أبي هريرة عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لا تتمنوا لقاء العدو فإذا لقيتموه فاصبروا».**

**مەنىسى:**

4. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششنى ئارزۇ قىلماڭلار؛ ناۋادا ئۇچرىشىپ قالساڭلار، مۇستەھكەم تۇرۇڭلار»**[1].

**شەرھىسى:**

كۈچ-قۇۋۋەت ۋە غەيرىتىڭلارغا ئىشىنىپ ئۇرۇشنى ئارزۇ قىلماڭلار. ناۋادا دۈشمەن تەرەپتىن ئۇرۇش باشلىنىپ قالسا ياكى دۈشمەن ئۇرۇشقا يا قانداقتۇر بىرەر بۇزغۇنچىلىققا تەييارلىق قىلسا، ئۆزۈڭلارنى قوغداپ ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەۋرەنمەي تۇرۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار، دىنىي ۋەزىپەڭلارنى ياخشى ئادا قىلىڭلار.

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 11066 ـ ھەدىس.

5. عَنْ أَبِي أَيُّوبَ الْأَنْصَارِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «مَنْ لَقِيَ الْعَدُوَّ فَصَبَرَ حَتّى يُقْتَلَ أَوْ يَغْلِبَ لَمْ يُفْتَنْ فِي قَبْرِهِ».

مەنىسى:

5. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىمكى جەڭ مەيدانىدا دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ياكى غالىب بولغانغا قەدەر چىڭ تۇرسا، قەبرىسىدە ئازابلانمايدۇ»**[1].

شەرھىسى:

ئۇرۇش مەيدانىدا غالىب بولۇشنىڭ بىرىنچى سەۋەبى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتۇر. ئەنە شۇ چاغدا ئىسلامىي ئەسكەرلەرگە ئاللاھنىڭ ياردىمىدە ئۆزىدىن ئون ھەسسە كۈچلۈك كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋەدە قىلىنغان. ﴿إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ﴾ **﴿ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ﴾**[2] دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ ۋەدىسىدۇر.

[1] تەبەرانىي: «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»، 4094 ـ ھەدىس.

[2] «ئەنفال»: 65 ـ ئايەت.

**6. عَنْ أَنَسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «الْقَتْلُ فِي سَبِيلِ اللّٰهِ يُكَفِّرُ كُلَّ خَطِيئَةٍ، فَقَالَ جِبْرِيلُ: إِلَّا الدَّيْنَ، فَقَالَ النَّبِيُّ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِلَّا الدَّيْنَ».**

**مەنىسى:**

6. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **«ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈش پۈتۈن خاتالىقلارغا كەففارەت بولىدۇ، دېۋىدى، ئارقىدىنلا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:**

**- قەرزدىن باشقا گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ، - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ:**

**- قەرزدىن باشقا گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ، - دېدى»**[1].

**شەرھىسى:**

ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مىللەتنى ۋە دىنىنى قوغداش يولىدا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلگەن كىشىنىڭ ھەممە خاتالىقى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. لېكىن، بەندىنىڭ ھەققى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ.

[1] «تىرمىزىي»، 1640 ـ ھەدىس.

**7. عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: «إِذَا تَبَايَعْتُمْ بِالْعِينَةِ، وَأَخَذْتُمْ أَذْنَابَ الْبَقَرِ، وَرَضِيتُمْ بِالزَّرْعِ، وَتَرَكْتُمُ الْجِهَادَ، سَلَّطَ اللّٰهُ عَلَيْكُمْ ذُلًّا لَا يَنْزِعُهُ حَتَّى تَرْجِعُوا إِلَى دِينِكُمْ».**

**مەنىسى:**

7. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: **«ئىينە[1] سودىسى، چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، جىھادنى تاشلىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە خارلىقنى مۇسەللەت قىلىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا تولۇق قايتمىغۇچە ئاللاھ تائالا ئۈستۈڭلاردىن خارلىقنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ»**[2].

**شەرھىسى:**

«ئىينە» ــ بىر نەرسىنى قىممەت سېتىپ، شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى يەنە ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشتۇر. ھازىرقى زاماندا ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئادەم ئالداپ، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى يوشۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردا بۇنداق ئىشلار كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. چۈنكى، ئىسلام قانۇنىدا ئۆسۈمگە بىر نەرسە بېرىش ھارامدۇر. بۇ ئىشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلسا، مۇسۇلمانلاردىن خىجىل بولىدۇ. شۇڭا، بىر قىسىم پۇلدارلار قەرز سوراپ كەلگەن ھاجەتمەنلەرگە ئىككى تەڭگىلىك مالنى بەش يا ئالتە تەڭگىگە ساتىدۇ. ھاجەتمەن كىشى باشقا چارىسى بولمىغاچقا، شۇ مالنى ئاشۇ باھاغا ئېلىپ، بازارغا ئېلىپ چىقىدۇ؛ ئەمما نورمال بازار نەرخى ئىككى تەڭگە

[1] «ئىينە» سودىسى، بىر مالنى مەلۇم مۇددەتكىچە پۇلىسىنى ئادا قىلىدىغانغا سېتىپ، كېيىن ساتقۇچى قايتىدىن نەخ پۇلغا ئەرزانراق باھادا سېتىۋېلىشتۇر. ـ ت.

[2] «ئەبۇداۋۇد»، 3456 ـ ھەدىس.

بولغاچقا، ئۇنى ئۆزى ئالغان باھاغىمۇ ساتالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مالنى ئۆزىگە سېتىپ بەرگەن كىشىنىڭ يېنىغا ئەكېلىدۇ. مالنىڭ ئىگىسى: «تۈنۈگۈندىن بېرى بازار نەرخى چۈشۈپ كەتتى» دەپ شۇ مالنىڭ ئۆزىنى بىر يېرىم ياكى ئىككى تەڭگىگە ئالىدۇ. بىچارە ھاجەتمەن ئىككى يۈز تەڭگىنىڭ ئورنىغا بەش - ئالتە يۈز تەڭگىگە قەرزدار بولىدۇ. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىسلامنىڭ قائىدىسىنى بۇزغۇچىلارنىڭ دىلى قارىداپ، قېتىپ كېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇنداق سودا بىلەن شۇغۇللانغان خەلق جەڭ قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، تىجارەت، چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ئالدىنىپ، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشنى تاشلىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىللەگلەرگە دۈشمەننى مىندۈرۈپ قويىدۇ - دە، مال - مۈلكىڭلار ۋە ھالاۋىتىڭلارنىڭ قىلچە ھۇزۇرى بولمايدۇ.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

8. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «اجْتَنِبُوا السَّبْعَ المُوبِقَاتِ، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللّٰهِ وَمَا هُنَّ؟ قَالَ: الشِّرْكُ بِاللّٰهِ، وَالسِّحْرُ، وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللّٰهُ إِلَّا بِالحَقِّ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مَالِ اليَتِيمِ، وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ، وَقَذْفُ المُحْصَنَاتِ المُؤْمِنَاتِ الغَافِلاَتِ».

مەنىسى:

8. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: **«پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:**

**- يەتتە خىل ھالاك قىلغۇچى گۇناھتىن ساقلىنىڭلار، - دېدى. بەزىلەر:**

**- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قايسى گۇناھلار؟ - دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: 1. ئاللاھقا ئىبادەتتە بىرىنى شېرىك قىلىش، 2. سېھىر قىلىش، 3. ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، 4. يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، 5. جازانە يېيىش، 6. جەڭدىن قېچىش، 7. ئىپپەتلىك، پاك مۇئمىنە ئاياللارغا بوھتان چاپلاش قاتارلىقلاردۇر، دېدى»**[1].

شەرھىسى:

بۇ ئۇلۇغ ھەدىسنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇرۇشتا ئىسلام سېپىدىن قېچىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە باراۋەر چوڭ گۇناھتۇر. «زەھف» دېگەن پۈتۈن ئەتراپنى قاپلاپ، يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئەسكەردۇر.

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 2766 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 89 ـ ھەدىس.

**9. عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «حُرْمَةُ نِسَاءِ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ كَحُرْمَةِ أُمَّهَاتِهِمْ، وَمَا مِنْ رَجُلٍ مِنَ الْقَاعِدِينَ يَخْلُفُ رَجُلًا مِنَ الْمُجَاهِدِينَ فِي أَهْلِهِ فَيَخُونُهُ فِيهِمْ، إِلَّا وُقِفَ لَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، فَيَأْخُذُ مِنْ عَمَلِهِ مَا شَاءَ، فَمَا ظَنُّكُمْ؟».**

**مەنىسى:**

9. سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: **«ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى ئۇرۇشقا بارمىغانلارنىڭ ئانىلىرىغا ئوخشاش ھۆرمەتلىكتۇر. ئۇرۇشقا بارمىغانلاردىن بىرى مۇجاھىدلاردىن بىرىنىڭ بالىچاقىسىغا قاراپ قويىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ توختىتىپ قويۇلىدۇ، (ئاندىن مۇجاھىدقا سەن جىھادقا كەتكەندە بالىچاقاڭغا ياخشى قارىماي، خىيانەت قىلغان ئادەمنىڭ ئەمەللىرىدىن خالىغىنىڭنى ئېلىۋالغىن، دېيىلىدۇ)، مۇجاھىد ئۇنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىدىن خالىغىنىنى ئالىدۇ. بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟»**[1].

**شەرھىسى:**

ئىسلام مەملىكىتىدىكى مۇسۇلمانلار ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىغا ئۆز ئانىلىرىغا ئوخشاش ھۆرمەت قىلىشى؛ ئەسكەرلەرنىڭ بالىچاقىلىرى ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلماسلىقى؛ خىيانەت قىلغانلارنى ئىسلام ھۆكۈمىتى جازالىشى كېرەك.

[1] «مۇسلىم»، 1897 ـ ھەدىس.

**10. عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «لَا يَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمَّتِي ظَاهِرِينَ حَتَّى يَأْتِيَهُمْ أَمْرُ اللّٰهِ وَهُمْ ظَاهِرُونَ».**

**مەنىسى:**

10. مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىن بىر بۆلەك كىشىلەر تاكى قىيامەت كەلگەنگە قەدەر ھەق ئۈستىدە غالىب ھالدا ھەمىشە زۇھۇر قىلىپ تۇرىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىستە ئۈممىتى ئىچىدە تا قىيامەتكە قەدەر ھەققە ياردەم بېرىدىغان، ئۈممەتكە ئىلىم ئۆگىتىدىغان بىر بۆلەك پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگەن. ئۈممەتكە ئەنە شۇنداق يول كۆرسىتىدىغان، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان، ئىلىم ئۆگىتىدىغان بىر بۆلەك كىشىلەر بولمىسا، ئۇ ئۈممەتنىڭ مۇنقەرز بولىدىغانلىقىنى، ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، يوقىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «أَمْرُ اللّٰهِ(ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى)»دىن چوڭ قىيامەت بىلەن ئۈممەتنىڭ قىيامىتى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ ھەدىس شېرىپ ئۆزى ئىخچام، ئەمما مول مەزمۇنلۇق ھەدىستۇر. ھازىرقى جاھان سىياسىتىدىن ئازراق خەۋىرى بار كىشىگە ئايانكى، بۈگۈنكى دۇنيادا قەلەم ھۆكۈمراندۇر. بىر مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇش ياكى قۇل قىلىش مەقسەت قىلىنسا، ھەممىدىن بۇرۇن قەلەملەر ئىشقا سېلىنىپ، قەلەمنىڭ كۈچى ۋە ئەدەبىيات ئامىنىنىڭ ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يازغۇچىلار، مۇھەررىرلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە تەشۋىقاتچىلارنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق ئامىنىڭ

[1] «بۇخارىي»، 3640 - ھەدىس.

تەپەككۇر يۆنىلىشى بەلگىلىنىدۇ، ئاندىن شۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ سىياسەت يۈرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەقىللىق، مىللەتسۆيەر كىشىلىرى مەۋجۇت ئەھۋالىغا قاراپ مەغرۇرلانماستىن، ئۇن يىلدىن كېيىنكى ھەتتا يۈز يىلدىن كېيىنكى ئېھتىماللىقلارنى ئالدىن مۆلچەرلەپ بىلەلىگۈدەك سىياسىي مەلۇماتى، كېيىنكى كۈنىدە ئۈممەتنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرەلىگۈدەك تەدبىر ۋە سىياسىي پىلانلىرى، مىللەتكە كۆيۈنۈپ خىزمەت قىلغۇدەك ئىمانى بولسا ۋە شۇنداق كىشىلەر مىللەتنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا، بۇنداق كىشىلەر ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئۈچۈن ھەقنى يازىدۇ، ھەقنى سۆزلەيدۇ، ئەدەبىياتى ۋە قەلەم قۇۋۋىتى بىلەن مىللەتنىڭ ئۈستىدىكى قارا بۇلۇتنى تارقىتىشقا تىرىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئۆزى دۇنيادىن كەتسىمۇ، نام ـ شۆھرىتى ۋە خىزمەتلىرى مەڭگۈ قالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، قانداق بىر مىللەت ئىچىدە ھەقنى سۆزلىگۈچى بولمىسا، ئۇ مىللەتكە مەلئۇن شەيتان مۇئەللىم بولىدۇ؛ كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەر ئۇلارنىڭ يۈزلۈك ئادەملىرىنى، مۇناپىق يازغۇچىلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە مۇكاپاتلاش ۋە مېداللارنى ئېسىش ئارقىلىق تويدۇرمايلا سېتىۋالىدۇ؛ ئاندىن ئۇلار مىللەتنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ماختاپ، تەشۋىق قىلىدۇ ۋە گېزىتلەرنى چىقىرىدۇ؛ دۈشمەننىڭ شۇم سىياسىتىدىن دۆلەت ۋە خەلقنى بىخەۋەر قالدۇرۇپ، بىخۇدلاشتۇرىدۇ. ئاخىردا مىللەت غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى ئېچىشقا باشلىسىمۇ، ئاللىبۇرۇن پۇت ـ قولى شۇم سىياسىي كىشەنلەر بىلەن باغلانغان، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىنغان بولىدۇ. خەلق ئاممىسىدىكى مىللىي روھ، ئىمان ۋە جامائەت پىكرى شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ، مىللەتنىڭ رەھبەرلىرى يوقىتىلىدۇ. نەتىجىدە، پۈتۈن مىللەت ھايات سەھنىسىدىن يوقىلىدۇ. ئۆز قۇدرىتى بىلەن مىللەتنى مەۋجۇتلۇق سەھنىسىدىن يوقىتىشقا سەۋەب بولغان قەلەم يەنە شۇ مىللەتنىڭ ئۆلۈم تارىخىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

ئون ئىككىنچى باب

## ئاسايىشلىق توغرىسىدا

**1. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلّمَ: «أَفْضَلُ الْأَعْمَالِ بَعْدَ الْإِيمَانِ بِاللّٰهِ التّوَدُّدُ إِلَى النّاسِ».**

**مەنىسى:**

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشتىن قالسىلا ھەممىدىن ئەۋزەل ئىش كىشىلەرگە دوستلۇق ئىزھار قىلىشتۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

ئىسلامنىڭ يوليورۇقى بويىچە مۇئمىن ئادەم ھەرقانداق كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغۇدەك دەرىجىدە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئاسايىشلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ بىردىنبىر ئامىلىنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىن ئىكەنلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىدىن نامايان بولسۇن ۋە ئىسلام دىنىنى تونۇمايدىغان باشقا مىللەتلەر ئىسلامنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دەپ ئىسلام بىز مۇسۇلمانلارغا ھەرقانداق كىشىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

---

[1] تەبەرانىي: «مەكارىمۇل ئەخلاق»، 139 ـ ھەدىس.

**2. عَنْ مُحَمَّدِ بْنِ كَعْبٍ الْقُرَظِيِّ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «إِنَّ حَقًّا عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَنْ يَتَوَجَّعَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ كَمَا يَأْلَمُ الْجَسَدُ مِنَ الرَّأْسِ».**

مەنىسى:

2. مۇھەممەد ئىبنى كەئب ئەلقۇرەزىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«باش ئاغرىقى پۈتۈن بەدەنگە تەسىر قىلغاندەك، (مۆئمىنلەرنىڭ بىرىگە خاپىلىق يەتسە)، ئۇلارنىڭ بىر – بىرىگە ئىچ ئاغرىتىشى مۆئمىنلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەققۇر»**[1].

شەرھىسى:

مۆئمىن كىشى يەر يۈزىدىكى بەش قىتئەنىڭ قايسىبىرىدە بولسۇن، ھەممىسى بىر تەن، بىر جان، ئوخشاشلا قېرىنداشتۇر. ئىسلامدا ئەرەب، تۈرك، ئۇيغۇر، تۇڭگان، تاجىك دەيدىغان مىللەت ئايرىمچىلىقى يوق. ھەممىسى بىر مىللەت، ھەممىسى بىر تۇغقاندۇر. پارس ۋە تۇنىس مۇسۇلمانلىرى جەبىر ـ زۇلۇم كۆرسە، پاكىستان، ئايقاپ ۋە ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياردەمگە تەييارلىنىشى ۋاجىپتۇر. ھالبۇكى، رۇسىيەدىكى ئىدىل ـ ئۇرال، فەرغانە ۋە بۇخارا تۈركلىرىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسلىرى ۋە دىن ـ ئېتىقادلىرى ئاياغ ئاستى قىلىندى. ستالىن ئۆز دەۋرىدە مەزكۇر جايلاردىكى مۇسۇلمانلارغا ياۋروپا پوپلىرى دەۋرىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زۇلۇم ۋە ۋەھشىيلىكلەرنى قىلدى. دۇنيادىكى 450 مىليون مۇسۇلماندىن بىرەر كىشى ئۇلار ئۈچۈن بىرەر ئېغىز گەپ قىلالىدىمۇ؟ ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈلگەن مىليونلارچە مۇسۇلمانلارغا بىرەر پارچە نان ئەۋەتىپ بېرەلىدىمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە ياق!

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 707 ـ ھەدىس.

**3. عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنَّ الْخَازِنَ الْأَمِينَ الَّذِي يُعْطِي مَا أُمِرَ بِهِ كَامِلًا مُوَفَّرًا، طَيِّبَةً بِهِ نَفْسُهُ، حَتَّى يَدْفَعَهُ إِلَى الَّذِي أُمِرَ لَهُ بِهِ أَحَدُ الْمُتَصَدِّقَيْنِ».**

**مەنىسى:**

3. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«بېرىشكە بۇيرۇلغان نەرسىنى بېرىشكە بۇيرۇلغان كىشىگە چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، خۇشاللىق بىلەن، تولۇق بېرىدىغان، ئىشەنچلىك خەزىنىدار ئىككى سەدىقە قىلغۇچىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ»**[1].

**شەرھىسى:**

ۋەخپە ماللارنى باشقۇرغۇچىلار، ئامبارچىلار ۋە ئامىنىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئامبارچىلىرى خىيانەت قىلمىسا، چىن كۆڭلىدىن جەمئىيەت ۋە جامائەت ماللىرىنى چىڭ ساقلاپ، بۇيرۇلغان ئورۇنغا پارا ئالماستىن تاپشۇرسا، خۇددى ئۆز مېلىنى سەدىقە قىلغانغا ئوخشاش ساۋاب بولىدۇ، دېمەكتۇر.

[1] «ئەبۇ داۋۇد»، 1684 ـ ھەدىس.

**4. عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «خَيْرُ النَّاسِ أَنْفَعُهُمْ لِلنَّاسِ».**

**مەنىسى:**

4. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى باشقىلارغا ئەڭ كۆپ پايدىسى تېگىدىغان كىشىدۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

ھەربىر ئىنسانىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئومۇم خەلققە پايدا يەتكۈزۈشتۇر. شۇڭا، ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگۈچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى باشقىلارغا ئەڭ كۆپ پايدىسى تېگىدىغان كىشىدۇر» دېگەن. دېمەك، ئىسلامدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ھۈنەر ۋە كەشپىياتلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزۈش ھەممىدىن ساۋابلىق ۋە ئۇتۇقلۇق ئىشتۇر.

---

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 43065 ـ ھەدىس.

5. عن أنس قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «إِنّ شرّ الناسِ منزلةً عند اللّٰهِ يومَ القيامةِ من يخافُ الناسُ من شرّهِ».

مەنىسى:

5. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئورنى ئەڭ يامان بولىدىغان كىشى (دۇنيادا) كىشىلەر ئۇنىڭ شەررىدىن قورقۇپلا تۇرىدىغان كىشىدۇر»**[1].

شەرھىسى:

مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ بىرىنچى شەرتى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بىر ـ بىرىگە چېقىلماسلىق ھەققىدە تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەن كاپىرلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن، يامانلىق قىلىشتىن ساقلىنىشتۇر. ئىسلام شەرىئىتى ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت قىلغۇچىلار ۋە مۇسۇلمانلارنى قول قىلىشنى كۆزلەيدىغانلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە تىنچ تۇرغانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئىسلامنىڭ قارىشىدا ئادەمزاتنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتلىك بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىمۇ ئۇلۇغدۇر. ئاللاھ تائالا «بەنى ئىسرائىل» سۈرىسىدە: ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾ **(شەك – شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق)**[2] دەيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىتى ۋە ئاخىرقى نىشانى ئاسايىشلىقتۇر. يەر يۈزىدىكى زۇلۇمنى يوقىتىپ، ھەممەيلەننى تىنچ ۋە راھەت تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتۇر. شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بەلگىسى «السلام عليكم (سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز)» دېگەن سۆزدۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئەسكىلىكىدىن

[1] سۇيۇتىي: «جەمئۇل جەۋامىئ»، 22883 ـ ھەدىس.

[2] «ئىسرائ»: 70 ـ ئايەت.

باشقىلار قورقۇپ ياشايدىغان كىشى ئەڭ ئەسكى ئادەمدۇر. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئالتە شەھەردە شۇنداق تەكەببۇر ئادەملەر باركى، بىر مۇئمىن ئۇنىڭغا يولۇققاندا «خوش غوجام» دەپ تەزىم قىلىپ تۇرمىسا ياكى ئۇلىغىدىن سەكرەپلا چۈشمىسە، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى بىلمىگەنلىكىدىندۇر.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**6. عن أَبِي سَمُرَةَ رضي الله عنه قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صلى الله عليه وسلم: «إِنَّ الْفُحْشَ وَالتَّفَحُّشَ لَيْسَا مِنْ الْإِسْلَامِ فِي شَيْءٍ وَإِنَّ أَحْسَنَ النَّاسِ إِسْلَامًا أَحْسَنُهُمْ خُلُقًا».**

**مەنىسى:**

6. ئەبۇ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**شۈبھىسىزكى، ھاياسىزلىق ۋە قەبىھ گەپ قىلىش ئىسلامدا يوقتۇر، مۇسۇلماندارچىلىقى ئەڭ ياخشى كىشى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل كىشىدۇر**»[1].

**شەرھىسى:**

ئىدىيەسى زەھەرلەنمىگەن، ساغلام تەبىئەتلىك كىشى يامان كۆرىدىغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەت «الْفُحْشَ (قەبىھ)» دېيىلىدۇ. ئىسلام ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن، ئىدىيەسى زەھەرلەنمىگەن كىشى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىدىغان دىن بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىھايا، يامان سۆزلەرنىڭ ئىسلامدىن ئەمەسلىكىنى (يەنى ئىسلامنىڭ ئۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى تونۇمايدىغانلىقىنى) ئۇقتۇرغان. شۇڭا، بۇنداق يامان ئىشلار مۇسۇلمانلاردا بولماسلىقى كېرەك. ھالبۇكى، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندا، فەرغانەدە مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق قىلمىشلار يامراپ كەتكەندىن سىرت، بىر ـ بىرى بىلەن ئازراق ئاچچىقلىشىپ قالسىلا بىر ـ بىرىنىڭ ئانىسىنى، ھەدە ـ سىڭىللىرىنى ۋە خوتۇنلىرىنى ئېغىزىغا ئېلىپ تىللىشىدۇ ھەتتا ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنىمۇ تىللايدۇ. بۇنداق قەبىھ سۆزلەر تۈركىستانلىقنىڭ ئەڭ قېرىلىرىدىن باشلاپ، يېڭى تىلى چىققان باللىرىغا قەدەر ئومۇملىشىپ، ھېچبىرى چالا قالمىغان. ئۇلارنىڭ

[1] «مۇسنەد ئەھمەد»، 20831 ـ ھەدىس.

ئارىسىدا ھەممىدىن يامىنى خوتۇننى ئاغزىغا ئېلىش بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ خوتۇننى تىللىسا، دەرھال چاپانلىرىنى سېلىپ ئۇرۇشقىلى مەيدانغا چۈشىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر ئادەتلىنىپ كەتكەن قەبىھ ئىش بولسا ناسۋال، نەشە، ئەپيۇن، چىلىم تارتىش قاتارلىق ئىشلاردۇر. ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، شۇ نەرسىلەرنى ھەتتا چايخانىلارغا ۋە مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىغىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار ئىچىدە يامرىغان قەبىھ قىلمىشلارنىڭ يەنە بىرى قىمارۋازلىق، ئوشۇق ئويناش، تۇخۇم چېكىشىش، ياڭاق ئويناش، ئىت تالاشتۇرۇش ۋە قارتا ئويناش قاتارلىقلاردۇر. بۇنىڭغا ئوخشىغان قەبىھ ئىشلارنىڭ تۈرك خەلقىدە يامراپ كېتىشى ئەسلا توغرا ئىش ئەمەس ئىدى. خىتاي ۋە رۇسلارنىڭ بۇ يۇرتقا ئېلىپ كىرگەن تۆھپىلىرى، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ «مەدەنىيەت» دەپ پەردازلاپ تۈركلەرگە يۇقتۇرغان ئىللەتلىرى ئەنە شۇ قەبىھ سۆز ۋە قەبىھ قىلمىشلاردۇر. كېيىنكى مەزگىلدە رۇسلار تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن قەبىھ ئىشلار بولسا قارتا ئويناش، شاھمات ئويۇنلىرى ۋە ھاراق ئىچىش قاتارلىق رەسۋاچىلىقلاردۇر.

يېقىنقى زاماندىن بېرى مەدەنىيەت نامى بىلەن رۇسلار تەرىپىدىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق ئېسىل تۈرك قەبىلىلىرىگە كىرگۈزۈلگەن قارتا ۋە شاھمات ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت ھالاك قىلغۇچى، قەبىھ قىلمىشلار ئەۋلادلارنىڭ يېرىم ئۆمرىنى زايە قىلىپ، ھەممە ئىبادەتلەردىن، ئىلىم ئۆگىنىپ سەۋىيە ئاشۇرۇشتىن، ھۈنەر ـ سانائەت ئىگىلەشتىن، قىسقىسى پۈتۈن مۇھىم ئىشلاردىن مەھرۇم قالدۇردى. ھاراق دېگەن نەرسە ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى، ھاياتىنى ۋە ئەقلىنى بۇلغاپ، ئاڭقاۋلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياتلارغا قۇل بولۇشىنىڭ تۈپ ۋە بىردىنبىر ئامىلى بولدى. بۇ ئىشنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك، ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى كۆپ چىقىش تۈرك يۇرتى (ئۇيغۇر يۇرتى) نىڭ كۆپىنچە ئەسكىرىي قوماندانلىرى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ زىياپەت سورۇنلىرىدا رۇس ۋە خىتاينىڭ ھاراقلىرىنى ئىنتايىن كاتتا ھۆرمەت ۋە ئىنئام دەپ بىلىپ ئىچىشىدۇر. «النّاسُ عَلَى دِينِ مُلُوكِهِمْ» «ئىنسانلار پادىشاھلىرىنىڭ دىنىدا بولىدۇ» دېگەن

رىۋايەتكە ئەمەلىي مىسال بولۇپ، پۈتۈن مىللەت شۇ ئەمەلدارلارغا ئەگىشىپ ۋەيران بولۇشى مۇمكىن (ئاللاھ ساقلىسۇن). ئى ئۇلۇغ تەڭرىمىز! تۈرك مىللىتىنىڭ چوڭلىرىغا توغرا چۈشەنچە، ئوچۇق ئەقىل ۋە ئازادلىق ئېڭى ئاتا قىلىپ، قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك ئەزىز تۈرك مىللىتىنى رۇسىيە، ياۋروپا ۋە خىتاينىڭ ناچار مەدەنىيىتىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزغىن! مۇئمىن بەندىلىرىڭنى ۋە بارلىق ئىنسانلارنى ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن بۇ يامان، قەبىھ ئىشلاردىن پاكلاپ، سالامەت قىلغىن، ئامىن!

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**7. عن عَبْد اللّٰهِ بْنَ عُمَرَ يَقُولُ إِنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «أَفْشُوا السَّلَامَ، وَأَطْعِمُوا الطَّعَامَ، وَكُونُوا إِخْوَانًا، كَمَا أَمَرَكُمُ اللّٰهُ عَزَّ وَجَلَّ».**

**مەنىسى:**

7. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، ئاچقا تاماق بېرىڭلار، ئاللاھ بۇيرۇغاندەك قېرىنداش بولۇڭلار**»[1].

**شەرھىسى:**

ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئومۇمىيۈزلۈك ئاسايىشلىق بەرپا قىلىش، قېرىنداشلىقنى ئومۇملاشتۇرۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «السلام عليكم ورحمة الله (سىلەرگە خاتىرجەملىك ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولسۇن)» دېگەن سۆز مۇسۇلمانلارنىڭ شوئارىدۇر. سالام قىلىش مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتىنىڭ كۈچىيىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ، تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئېنىق ئىشتۇر. سالام قىلغان ئادەمگە ھەركىم ھۆرمەت قىلىدۇ، قەلبىدە مۇھەببەت تۇيغۇسى ئاشىدۇ. لېكىن، كۆپ چىقىش يۇرتى (ئۇيغۇر يۇرتى) دا يۇقىرىقى مىللىي ھەم دىنىي سالامنىڭ ئورنىنى رۇسىيەنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئالماقتا. ئى ئەزىز تۈرك مىللىتى! ئى شان ـ شەرەپلىك ئۇغۇزخان ئەۋلادلىرى! ئۆتمۈشۈڭلارغا نەزەر سېلىڭلار. سىلەر ئەسلىدە كىم ئىدىڭلار؟ ئەمدى كىم بولۇپ قالدىڭلار؟ تەڭرىم سىلەرنى جاھان تارىخىدا مىسلىسىز، مۇقەددەس ئىسلام دىنىغا مۇشەررەپ قىلدى. سىلەرنىڭ مىڭ يىللىق تارىخىي ئۆرپ ـ ئادىتىڭلار ۋە مىللىي ئەخلاقىڭلار «قۇرئان» بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىدى. قولۇڭلاردىكى ساپ ئالتۇننى

---

[1] «ئىبنى ماجە»، 3252 ـ ھەدىس.

تاشلاپ، باشقىلارنىڭ قولىدىكى تاشلاندۇق تۆمۈر ـ تەرسەكلەرنى ئالامسىلەر؟ ئالتۇن دېگەن يەردە قالمايدۇ، سىلەر تاشلىساڭلار، چوقۇم باشقىلار ئالىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر نومۇسسىز ۋە يۈزسىز بولۇپ قالىسىلەر. ئى تۈرك خەلقى! سۆزۈمنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ تارىخنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بۇ رەسۋاچىلىقنى تارىخ بەتلىرىگە پۈتسە، ئۇنى قەتئىي ئۇچۇشتۇرغىلى ۋە ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ. ﴿مَالِ هَـٰذَا الْكِتَابِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّا أَحْصَاهَا﴾ ﴿**ۋاي بىزگە! بۇ نامە – ئەمالغا چوڭ – كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتۇغۇ؟!**﴾[1] دەپ ھەيران قېلىشتىن باشقا ئىش بولمايدۇ. ئى تۈرك مىللىتى! ئۆلۈشتىن بۇرۇن يۈزۈڭلارنى ئاقارتىۋېلىڭلار! ئويغىنىڭلار!

[1] «كەھف»: 49 ـ ئايەت.

**8. عن مروانَ بنِ الحكمِ قالَ قالَ رسولُ اللّٰهِ صلى اللّٰه عليه وسلم: «لا يَتجالسُ قومٌ إلا بالأمانةِ».**

**مەنىسى:**

8. مەرۋان ئىبنى ھەكەمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «**ھەرقانداق بىر قەۋم پەقەت ئارىلىرىدا ئىشەنچ بولغاندىلا مەجلىس قۇرالايدۇ**»[1].

**شەرھىسى:**

بىر مىللەت خەلقى بىر ـ بىرىگە ئىشىنەلمىسە، ئارىسىدا ئىشپىيون بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، بىر سورۇنغا يىغىلىپ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە پاراڭلىشالمايدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىن قۇل، ئىجتىمائىي جەھەتتىن تارقاق بولۇشىنىڭ سەۋەبى بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىكى، ئارىمىزدا ئىشپىيون بار دېگەن گۇماننىڭ تۇغۇلىشىدۇر. مىللەتلەرنى ھالاك قىلىدىغانلارمۇ مىللىي خائىن، چېقىمچى، مىللەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى دۈشمەنگە يەتكۈزىدىغان ئىشپىيونلار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسىدۇر. بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى كۆپ نەسىھەتلىرى بار. ھەرقانداق مىللەت مەخپىيەتلىكىنى باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان ئىشپىيونلارنى يوقىتىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنى يوقاتماي تۇرۇپ مىللەت خاتىرجەم بولالمايدۇ.

---

[1] «كەنزۇل ئۇممال»، 25382 ـ ھەدىس.

**9. عَنْ أَنَسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللّٰهِ صَلّٰى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «لَا إِيمَانَ لِمَنْ لَا أَمَانَةَ لَهُ، وَلَا دِينَ لِمَنْ لَا عَهْدَ لَهُ».**

**مەنىسى:**

9. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان كىشىدە ئىمان يوق، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان كىشىدە دىن يوق»**[1].

**شەرھىسى:**

سېنىڭ مۇئمىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن ھەركىم سەندىن خاتىرجەم بولۇشى، ئىشەنچلىك ئادەم بولۇشۇڭ كېرەك. ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، ئەھدىنى بۇزىدىغان ئادەمدە دىن يوق، چۈنكى دىنىي تەربىيە ئالغانلار ئويلاپ ئەھدە قىلىدۇ، گېپىگە ئىگە بولىدۇ. بۇرۇن مۇسۇلمانلار ئىچىدە شۇنداق پادىشاھلار ئۆتكەنكى، باشقىلار بىلەن سۈلھى قىلىشقاندىن كېيىن كېلىشىمنى بۇزۇپ ئۇرۇشقان، شۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا نۇرغۇن خاپىلىقلارنى كەلتۈرۈپ، مىللەتنى كۈچ - قۇۋۋەتتىن ئايرىغان.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

[1] بەيھەقىي: «شۇئەبۇل ئىمان»، 4045 - ھەدىس.

**10. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ رَسُولَ اللّٰهِ صَلى اللّٰه عَلَيه وسَلم قَالَ: «أَلَا أُخْبِرُكُمْ بِخَيْرِكُمْ مِنْ شَرِّكُمْ؟ خَيْرُكُمْ مَنْ يرجى خيره ويؤمن شره وشركم من لا يُرْجى خَيْرُهُ وَلَا يُؤْمَنُ شَرُّهُ».**

**مەنىسى:**

10. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: **«ياخشىلىرىڭلارنى يامانلىرىڭلاردىن ئايرىپ بېرەيمۇ؟ قانداق كىشىدىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىنىپ، شەررىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلىنىدىكەن، بۇنداق كىشى ياخشىدۇر. قانداق كىشىدىن ياخشىلىق ئۈمىد قىلىنماي، شەررىدىن خاتىرجەم بولغىلىمۇ بولمايدىكەن، بۇنداق كىشىياماندۇر»**[1].

**شەرھىسى:**

كىشىلەر بىرىنى باشقىلارغا زىيىنى يەتمەيدىغان كىشى دەپ بىلسە، ئۇنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىمىسە، ئۇ ياخشى ئادەمدۇر، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ماڭغان كىشىدۇر. مەن مۇسۇلمان دەيدىغان شۇنداق ئادەملەر باركى، مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن گەپ قىلغان كىشىگە يامانلىق قىلىشنىلا ئويلايدۇ، ئازراق شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن مىللەتنىڭ مەنپەئىتىنى ھەتتا مىللىتىنى قۇربان قىلىدۇ. بۇنداق ئەبلەخلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ ساقلىسۇن! ﴿رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ. وَنَجِّنَا بِرَحْمَتِكَ مِنَ الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾ **﴿ئى پەرۋەردىگارىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن زالىم قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن﴾**[2].

---

[1] «تىرمىزىي»، 2263 ـ ھەدىس.

[2] «يۇنۇس»، 85 ـ 86 ـ ئايەتلەر.

1354 ـ يىلى، رەبىيئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى.

1935 ـ يىلى، ئىيۇن ئېيىنىڭ 3 ـ كۈنى.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

قەدىرلىك ئۇستازلىرىمىز، دىنىي قېرىنداشلىرىمىز بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ھەرپ ئالمىشىپ كەتكەن ياكى كەم قالغان جايلار بولسا، تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى، ئىنسان خاتالىقلاردىن، كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس.

*تومۇزدا خەت پۈتۈپ كۆيدى پېشانەم،*
*ئۆلۈپ كەتسەم، خېتىم قالسۇن نىشانەم،*
*خاتاسى بولسا، بولغاندۇر قەلەمدىن،*
*خۇدايا ساقلىغىن ئوتلۇق ئەلەمدىن،*

*خۇداۋەندە گۇناھىمنى كەچۈرگىن،*
*خاتا بولسا، قېرىنداشلار ئۆچۈرگىن،*
*ھەربىر كاتىپ خەت يازۇر، غەلەتسىز ئەمەس،*
*قاسساپ ئۇستام گۆش ئاسۇر، سۆڭەكسىز ئەمەس.*

﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ﴾ ﴿**پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن**﴾[1].

ۋەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ

[1] «بەقەرە»: 127 ـ ئايەت.